بىيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى

ئابلەت جۇمە تۇپراق

# قەرز پۇلدىن پۇل تېپىش

( 1 - قىسىم )



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

بىلىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى

ئابلەت جۇمە تۇپراق

# قەرز پۇلدىن پۇل تېپىش

( 1 - قىسىم )



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

资助创业：全2册：维吾尔文/阿不来提·居马编著，—乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2012.3
(致富丛书)
ISBN 978-7-5466-1211-9

I.①资… II.①阿… III.①企业管理—通俗读物—维吾尔语(中国少数民族语言) IV.① F270-49

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第043161号

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۈچى: ئابدۇشۈكۈر ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: تاھىرجان جۇماخۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: رۇقىيە شېرىپ
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىدئالىم

بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى

**قەرز پۇلدىن پۇل تېپىش (1)**

* * *

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى لۇڭيىدا باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm×1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 9.25
2012 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
2012 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1211 - 9
باھاسى: 30.00 يۈەن (ئىككى قىسىم)



ئابلەت جۇمە تۇپراق 1963 - يىلى 4 - ئايدا يوپۇغا ناھىيەسى تېرىم يېزىسىنىڭ كۆتەگلىك كەنتىدە تۇغۇلغان، مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ سېرىقبۇيا بازىرىدا چوڭ بولغان. ئۇ «قەشقەر گېزىتى» ۋە «قەشقەر» ژۇرنىلىدا باش مۇخبىر، مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىرغىچە 5000 پارچىدىن ئارتۇق خەۋەر - ماقالە، ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي خاتىرە، شېئىر يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان؛ «جاسارەتلىك بول ئوغلۇم» قاتارلىق 17پارچە كىتابى ھەرقايسى نەشرىياتلاردا نەشر قىلىنغان. 30 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە - ئەسىرى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# كىرىش سۆز

ھاياتنى قەدىرلەش، ئۇنىڭ بىتەكرار پۇرسەتلىرىنى چىڭ تۇتۇش، ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۇنى بېيىتىپ، ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇرۇش ھەممە كىشىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ئەمما، بۇ ئارزۇنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈش ھەممىلا كىشىگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. ھەربىر كىشىدە كۆرۈنمەس بىر تىلتۇمار بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە «ئاكتىپ روھىي ھالەت» دەپ يېزىلغان. بۇ بايلىق، مۇۋەپپەقىيەت، خۇشاللىق ۋە ساغلاملىقنى جەلپ قىلىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنى يۇقىرى پەللىگە ئېلىپ چىقىدۇ ۋە شۇ يەردە مەزمۇت تۇرغۇزىدۇ؛ تىلتۇمارنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە «پاسسىپ روھىي ھالەت» دەپ يېزىلغان بولۇپ، بارلىق گۈزەل شەيئىلەرنى رەت قىلىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنى تۇرمۇشنى ئەھمىيەتسىز ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ، ھەتتا يۇقىرى پەللىدە تۇرغان كىشىلەرنى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

كىشىلىك ھايات پۇرسەت ۋە خىرىسقا تولغان بولىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى ئىقتىساد ۋە پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، رىقابەتنىڭ كەسكىنلىشىشى بىزدىن ئەنئەنىۋى ئىقتىساد ئېڭىمىزنى، قىممەت قارىشىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىزنى، زامانغا لايىق بىلىم ـ ساپانى ھازىرلىشىمىزنى، ئۇچرىغان خىرىس، قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدىغان پەم ـ پاراسەت، جاسارەت بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

كىشىلىك ھاياتتىكى پۇرسەت ھەممىلا يەردە تولۇپ تۇرىدۇ. بۇ «پۇرسەت» لەر ھەممىلا ئادەمگە بېيىش ھوقۇقىنى بەرگەن.

بىراق، ئۇ تەييارغا ھەييار بولىدىغانلارنىڭ بېيىشىغا كاپالەتلىك قىلمايدۇ. پەقەت تىرىشقان، ئىزدەنگەنلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ.

ئىقتىساد ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە بىۋاسىتە ۋە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بېيىش ئىستىكىدە بولغان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا «بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى» نى سۇندۇق. مەجمۇئە تۈرلۈك تىجارەت يوللىرىنى، ئىستېمال يۆنىلىشىنى، مەبلەغ سېلىش ئۇسۇللىرىنى، پۇل تېپىشنىڭ توغرا يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. بۇ كىتابنىڭ ئىگىلىك تىكلەش، بېيىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىستەكلىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا سىزگە ياخشى بىر يېتەكچى ۋە باشلامچى بولۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى

# مۇندەرىجە


**مەڭگۈلۈك زەنجىر ــ قەرزدارلىق**............................................ 1
ئادەم تۇرەلگەن هامان قەرزدارغا ئايلىنىدۇ..............................2
هەقدارلىق ۋە قەرزدارلىق ..........................................10
قەرز بېرىشنىڭ پايدىسى ۋە زىيىنى .................................14
**قەرزدارلىقنىڭ ئاچقۇچى ــ تەدبىر**...........................................25
هۆججەت شەكلى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى ..................................26
ئۆلچەملىك هۆججەت قانداق بولىدۇ....................................34
هۆججەت ۋە چەك هۆججەت .........................................39
مەزمۇنى هەم ئاساسى ئاجىز هۆججەت......................................43
هۆججەت ۋە سان - سىپىرلارنىڭ بىردەكلىكى...............................48
هۆججەت ئېلىش ۋە هۆججەت يېزىپ بېرىش ...............................53
توختام بىلەن هۆججەتنىڭ مۇناسىۋىتى ................................57
قەرز هۆججىتىنى يازغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟..........64
**ئۆتسە ئەگەر سەۋەنلىك، بولماس هەرگىز ئەمىنلىك** ..........................71
قەرزدار هۆججەتنى ئۆزى يېزىشى كېرەك .................................72
قەرز هۆججىتىنى يازدۇرغاندا كۆرۈلىدىغان ئالدىنىپ قېلىشتىن
ساقلىنىش كېرەك ....................................................80
هۆججەت - ئىسپاتلارنى ياخشى ساقلاش كېرەك ...........................87
نېسى قالغان مال پۇلى هۆججىتىنى كىم يېزىشى كېرەك؟.....................90
يالغان هۆججەتنىڭ راستقا ئايلىنىشى.......................................92
ۋاقتى ئۆتكەن قەرز ۋە قەرز هۆججەتلىرىنى ماهىرلىق بىلەن
يېشىلاش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك .................................94
قول قولنى تونۇيدۇ.........................................................99

قەرز ھۆججەتلىرىنىڭ ئاخىرىنى ياخشى خۇلاسىلەش كېرەك ......... 105

**بەرمەكلىك ــ چېۋەرلىك، ئالماقلىق ــ زېرەكلىك** ........................ 111

قەرزدارغا يەنە قەرز بېرىشتىن ساقلىنىش كېرەك ........................ 112

قەرز پۇل بېرىشتىن قۇتۇلۇش ــ يۈز كېلىشتۇر ........................ 118

قەرز بېرىشتە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟ ........................ 121

قەرزنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ ئۆزگىچە قەدەم ـ باسقۇچلىرى ............... 125

قەرز سۆيلەشكە ماھىر بولۇش كېرەك ........................ 131

قەرز يىغىشتا مۇھىم نىشاننى مۇھاسىرىگە ئېلىش كېرەك ......... 134

ئېلىم ـ بېرىمدا ۋەدىلەشكەندە ئەمەلىي ئىش قىلىشنى
بىرلەشتۈرۈش كېرەك ........................................ 139

# مەڭگۈلۈك زەنجىر ـ قەرزدارلىق

# ئادەم تۆرەلگەن ھامان قەرزدارغا ئايلىنىدۇ

مەيلى كىم بولسۇن، ئەتقىقاتىدا ئۆزى بايقىغان، ھېس قىلغان ۋە تونۇپ يەتكەن يېگىچە ئۇقۇم، يەكۈنلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغۇسى كېلىدۇ. «ئادەم تۆرەلگەن ھامان قەرزدارغا ئايلىنىدۇ» دېگەن قاراش مېنىڭ يەكۈنۈم ۋە ھۆكۈمۈم بولۇپ، بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمنى كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشقۇم بار. مەن نېمىشقا شۇنداق دېيەلىدىم؟

مەن ئالدىنقى كىتابلاردا تىجارەت ۋە تۇرمۇش، ھايات توغرۇلۇق بەزى قاراشلىرىم، چۈشەنچىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈم. مەن بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتە، يەنىلا ئاشۇ بايانلىرىمنى چۆرىدىگەن ھالدا پىكىر بايان قىلىمەن.

شۇنداق ئېيتىشقا تامامەن بولىدۇكى، ياشاش — ماھىيىتىدىن ئالغاندا، تىجارەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. يەنى، مەيلى كىم بولسۇن، پادىشاھ ياكى پۇقرا بولسۇن، باي ياكى گاداي بولسۇن، ئۇنىڭ ياشاش جەريانى، ياشاشتىكى بارلىق پائالىيەت - ھەرىكەت جەريانى تىجارەت قىلىش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياشاش كۈرەش قىلىش، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەش، ئىز - نەمۇنە قالدۇرۇش جەريانى. نەتىجە - ئۇتۇقلارنى، ماڭىدىغان يول، نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسى يەنىلا تىجارەت ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب نېمىدە؟ بۇنى بىر جۈملە سۆز بىلەن ئىپادىلىگەندە، ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ قەرزدار بولۇپ يارالغانلىقىدا. ئادەم بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغان، مەۋجۇتلۇقى ھاسىل بولغان ھامان ئەڭ چوڭ قەرزدارغا ئايلانغان

بولىدۇ. دەل ئاشۇ قەرزدارلىقنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئادەم تىجارەت قىلىدۇ. ھاياتنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە قىممىتىنى تېپىش ئۈچۈن تەبىئىيكى تىجارەت قىلماي مۇمكىن ئەمەس. ئاشۇ خىل قەرزدارلىق بىلەن تىجارەت كىشىلىك تۇرمۇشنى ۋاستىلىك ھالدا يۇرۇشلەشتۇرۇپ، ئادەملەرنىڭ روھىنى، جىسمىنى زور، كۈچلۈك ئىنېرگىيە مەنبەسىگە ئايلاندۇرىدۇ. روھ ئادەمنىڭ ئىدىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئىچكى قوزغاتقۇچلۇق رول ئوينايدۇ؛ بۇ ئادەمنىڭ جىسمانىيىتىگە، ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىپ، ھەيدەكچى بولىدۇ. جىسمانىي ھەرىكەت بارلىق بىچارىلىك، ھورۇنلۇقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئۆزىدە ئەسلىدىن بار بولغان ياكى قوشۇلۇپ ھاسىل بولىدىغان كۈچ - قۇۋۋەتنى ئىشقا سېلىپ، روھتىن پەيدا بولغان ئىنتىلىشنى ئەمەلىي پائالىيەت ئارقىلىق جانلىق ئەكس ئەتتۇرۇپ، ھەقىقىي قىممەت يارىتىدىغان مەنبەگە ئايلاندۇرىدۇ. مانا مۇشۇنداق مەنبە بارلىق پائالىيەتلەر ئۈچۈن سورۇن ھازىرلاپ، ھەربىر ئىش - ھەرىكەت، پائالىيەتنىڭ ئۆزلۈكىدىن باغلىنىشى، يۇرۇشتۇرۇلۇشى، بىر - بىرىنى ھەيدىشى، تەسىر كۆرسىتىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى بارلىققا كەلتۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئىستېمال بىلەن ئېھتىياجنى پەيدا قىلىپ، بىر - بىرسىنى تەقەززا قىلىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۇرىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىستېمال بىلەن ئېھتىياج تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئېھتىياج ئىستېمالنى پەيدا قىلىدۇ ۋە تەقەززا قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئېھتىياج ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، چىقىرىدىغان ئېھتىياج، يەنى بىرەر نەرسىنى ياكى بىرەر ئىشنى قىلىۋەتمىسە بولمايدىغان ــ ساتمىسا، ئالماشتۇرمىسا بولمايدىغان ئېھتىياج؛ يەنە بىرى، قوبۇل قىلمىسا بولمايدىغان ئېھتىياج. يەنى ئالمىسا، كىرگۈزمىسە ۋە ئىستېمال قىلمىسا بولمايدىغان ئېھتىياج. كىشىلىك تۇرمۇشتا

ئادەم هامان بىرەر ئىش ـ هەرىكەتنى قىلىشقا، قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ ياكى ئۇنى قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تىجارەت هالىتى، تىجارەت هەرىكىتى، تىجارەت مۇناسىۋىتى شەكىللىنىدۇ.

بۇ يەردىكى ئادەمنىڭ قەرزدارلىقى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق هەل قىلىمىسا بولمايدىغان ئېهتىياج هېسابلىنىدۇ. دېمەك، ئۇ ئادەم قوبۇل قىلىشى زۆرۈر، ئادا قىلمىسا بولمايدىغان ئېهتىياج، ئۇنى هەل قىلىش ـ تۈگىتىش ئۈچۈن قىلىدىغان هەرىكەتنىڭ جەريانى چىقىرىدىغان ئېهتىياج بولۇپ هېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئىككى تەرەپلىمە ئېهتىياج ئادەملەرنى تەبىئىي رەۋىشتە پائالىيەت قىلىشقا، هەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئادەمنىڭ تۆرىلىشى قەرزدارلىقنى شەكىللەندۈرسە، قەرزدارلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن قوللانغان هەرىكەت ياشاشنىڭ جەريانى تىجارەتنى شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ.

نېمە ئۈچۈن ئادەم تۆرەلگەن هامان قەرزدارغا ئايلىنىدۇ؟ دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىغا كەلسەك، بۇنى بىرقانچە مۇهىم ئالامەت ۋە ئادەمنىڭ ئادەم بولۇش جەريانىدىكى مۇهىم نۇقتىلىرىدىن ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە، ئۇنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىدىن چۈشەنسەك ئېنىق ئۇقۇمغا ئىگە بولىمىز:

### 1. تۇغۇش ـ تۇغۇلۇش قەرزدارلىقى

ئادەم بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان هامان نېمىشقا قەرزدارغا ئايلىنىپ قالىدۇ، دەيمىز؟ ئەمەلىيەتتە ئادەم بۇنى هېچقاچان هېس قىلمايدۇ ياكى هېس قىلسىمۇ كېيىنكى كۈنلەردە، پىشىپ يېتىلگەندە هېس قىلىدۇ. بەزىلەر بۇنى ئاتا ـ ئانىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرى بەدىلىگە هاسىل بولغان قەرزدارلىقتىن هېس قىلىدۇ. بۇ ماهىيەتتە بىر خىل تونۇش بولسىمۇ، ئۇنىڭ دائىرىسى تولىمۇ تار، ئاددىي بولۇپ قالغان بولىدۇ. تۇغۇلۇپ

قـەرزدارلـىق نۇقتىـسـىنى تولـۇق ۋە ئەتراپلىق تونـۇپ يېتەلـمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كـۆپ ھـالـلاردا ئادەم بـۇ ھەقتـە مۇلاھىـزە يۈرگـۈزۈپ كەتمەيدۇ. بىز قايسى نۇقتىدىن چىقىپ تەھلىل قىلايلى، ئادەم تـەبىئىي رەۋىشـتە ياشاشـتىكى كـۆپ خىـل يـول، كـۆپ خىـل شەكىل، كۆپ خىل شەرتلەر، مەجبۇرىيەتلەرنىڭ تـەبىئىي بىرسىـنى بىلــەن تىـرىكچىلىك يولىـدا كـۈرەش قىلىـدۇ. دەل ئاشـۇ خىـل ھەرىكەتلـەرنى ئـادەمدە ئەسلىدىنلا بـار بولغـان قـەرزدارلىق پـەيدا قىلىــدۇ. ئاشــۇ قــەرزدارلىق ئــادەمنى ئــۆزىمۇ سەزمىگــەن يــاكى سەزسـىمۇ ئاشـۇ خىـل قـەرزدارلىقنى ھېس قىلمىغـان ئـەھۋال ئاستىدا ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇرلاپ تۇرىدۇ. قـەرزدارلىق ئادەمنى خىرىسقا ئىگـە قىلىـپ، كىشـىلىك تۇرمۇشـقا ئىـزچىل قىـزغىن مۇئامىلــە قىلىشــقا، ئــادەمنى ئىــزچىل دەيدەيگــە ســېلىپ، تەسـۋىرلەش قىيىـن بولغـان روھىـي ئېنېرگىـيە ھاسىل قىلىـپ، ئـۆزىنى بېغىشـلاش، قـەرزدارلىقنى، يـەنى كىشـىلىك ھاياتتـا ئادا قىلمىســا بولمايدىغــان مەجبۇرىيەتلــەرنى ئــادا قىلىشــقا دەۋەت قىلىــپ تۇرىــدۇ. ئەگــەر ئــادەمدە ئاشــۇ خىــل روھىــي ئېنېرگىــيە مەنبەسـى بولمىسـا، ئـۇ ھـالدا ئادەملـەر ھېچ نەرسىگـە كېـرەك كەلمـەيدىغان جـانلىق بولـۇپ قېلىش ئېھتىمـاللىقىنى نـەزەردىن سـاقىت قىلىۋېتىشـكە بولمـايدۇ. شـۇ ۋەجىدىـن بـۇ يـەردىكى ئاساسىي ئېقىمنى ھاياتلىق قـەرزدارلىقىدىكى ئاساسىي كـۈچ دەپ قارىساق بولىـدۇ. مانا مۇشـۇنداق بىـر كۆچلـۈك ئىچكى ـ تاشقى بـاغلىنىش بولغـانلىقتىن، ئـادەمدە ئـەڭ دەسلەپـتە تـەبىئىي شەكىللەنگەن تۇغۇش ـ تۇغۇلدۇرۇش قـەرزدارلىقى بولىـدۇ. بۇ ئـەڭ مۇھىم، ئەڭ ئاساسىي قەرزدارلىق بولۇپ، ئۇ شـەكىللەنمەي تـۇرۇپ، ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە بارلىققا كېلىشى مۇمكىن بولمايدۇ.

قــەدىمدىن تەكىتلــەپ كېلىۋاتقــاندەك، بىــر نەرســە پــەيدا بولىدىكەن، ئېنىقكى، ئۇ ھامـان بىـر كۈنى يوقىلىدۇ. بۇ يـەردىكى يوقىلىـش يەنـە بىـر مـۆجىزىنىڭ بارلىققـا كېلىشىگـە سـەۋەب

بولىدۇ. تۇغۇلۇش قەرزدارلىقىمۇ شۇنداق بولىدۇ. يەنى ئۇ ئاشۇ كىشىدىن كېلەچەكتە ئۆزىگە ئوخشاش يەنە بىر تۇغۇلۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم كېلەچەكتە بىر ياكى بىرقانچە ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىرى - ۋاستىسى بىلەن تۆرىلىشىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. يەنى ئەۋلاد قالدۇرۇپ، مۇشۇ جەھەتتىكى قەرزدارلىقىنى ئادا قىلىدۇ. بىز بۇنى مۇنداق ئاددىي بايان قىلساقمۇ بولىدۇ: ئادەم تۇغۇلدى، ئۇ ئېنىقكى ئاتا - ئانىسىغا تۇغۇلۇش قەرزىگە بوغۇلدى، شۇڭا ئۇ ئادەممۇ ئەۋلاد قالدۇرۇش ئارقىلىق تۇغۇلۇش قەرزدارلىقىنى قايتۇرۇشى كېرەك. بۇنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئادەم توي قىلىدۇ، ئەۋلاد قالدۇرىدۇ، بارلىقىنى ئاتا قىلىپ كۆڭۈل بۆلىدۇ.

بۇ يەردە بىر نەرسىنى تەكىتلىمەي بولمايدۇكى، ئادەم ھەرقانداق ئەھۋال، ھەرقانداق قىيىن شارائىت ئاستىدىمۇ تۇغۇش — تۇغۇلۇش قەرزدارلىقىنى چوقۇم ئادا قىلىشى، ئۇنىڭدىن ھەرگىز باش تارتماسلىقى كېرەك.

## 2. بېقىش - بېقىلىش قەرزدارلىقى

بىر ئادەم تۆرەلگەن ھامان ھەممە نەرسىنى بىلمەيدۇ. چۈشەنمەيدۇ، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار ۋە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەۋجۇتلۇقلارنىڭ ياردىمى ۋە ۋاستە بولۇشى مۇقەررەرلىك بولىدۇ. بۇنىڭدا ئاتا - ئانىنىڭ ئەجرى ناھايىتى كۆپ ۋە شەرتسىز بولىدۇ. بارلىقىنى خالىس، مىننەتسىز تەقدىم قىلىدۇ. مانا مۇشۇ جەرياندا ئادەمگە نۇرغۇن قەرزدارلىق يۈكلىنىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ بارلىق ئەجىر - مېھنەتلىرى ئادەمنىڭ زىممىسىگە قەرز بولۇپ يۈكلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئادەمگە كۈچ - مەدەت، ئەقىل - پاراسەت، نازۇنېمەت بەرگەن ھەر بىر مەۋجۇداتمۇ ئۆز نۆۋىتىدە تەقدىم قىلغان بارلىق پۇرسەت، ئىمكانىيەت ۋە شاپائەتلىرى ئارقىلىق

ئادەمنى قەرزدار قىلىدۇ. ئەمما نۇرغۇن ئادەم بۇنداق قارىمايدۇ. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى ئادەملەر تۇغۇلىدۇ، تۇغۇلغان ئىكەن، ئاتا ـ ئانىسى باقىدۇ، چوڭ قىلىدۇ، تەربىيەلەيدۇ، قاتارغا قوشىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ قارايدۇ. بىراق كىم بولسۇن، ئاشۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى تارتماي قالمايدۇ، چۈنكى ئادەم چوڭ بولغاندىن كېيىن، تۇرمۇشنىڭ بارلىق ئۆتكەللىرىنى ياكى بىر قىسىم ئۆتكەللىرىنى بېسىشى كېرەك. ئۇنى بېسىش جەريانىدا ئادەم ئۆزىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن قىلىنغان بارلىق ھەرىكەتلىرىنى ئۆزى قايتىلاپ قىلىدۇ ياكى قىلىشىنىڭ قەدەملىرىنى بېسىشقا باشلايدۇ. بۇنى تېخىمۇ كونكرېت قىلساق، ئادەم ئۆزىنىڭ تۇغۇش ـ تۇغۇلدۇرۇش مەجبۇرىيىتى ـ قەرزدارلىقىنى ئادا قىلىشقا باشلىغاندا، تۇغۇلغان ئەۋلادى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتاپ، ئۆزىمۇ سەزمەي ياكى ئۇنى مەجبۇرىيىتىم دەپ قاراپ، ئاتا ـ ئانىسى باسقان يوللارنى باسىدۇ. مانا بۇ ئادەمنىڭ ئۆز زىممىسىدىكى بېقىش ـ بېقىلدۇرۇش قەرزدارلىقىنىڭ ئىپادىلىنىشى، تەكرارلىنىشى ۋە قايتۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 3. زېمىن قەرزدارلىقى

بىر ئادەمنىڭ يارىلىشى زېمىننى كۆلدۈرىدۇ، شۇنداقلا زېمىنغا بەخت ئاتا قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، زېمىن ئاشۇ ئادەم ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلىدۇ. ئەگەر زېمىندىن ئىبارەت بۈيۈك پاناھگاھ بولمايدىكەن، ئۇ چاغدا ئادەمنىڭ ئادەم بولمىقى بەكمۇ قىيىن. شۇڭا زېمىن ئادەمگە ھەممە نەرسىسىنى بېرىدۇ، زېمىن ئادەمنى باقىدۇ، ئادەمنى ھاياتلىق دۇنياسىنىڭ پەرۋىشكارىغا، سەردارىغا ئايلاندۇرىدۇ، ھەممە ـ ھەممە نەرسىنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرىدۇ. زېمىنغا بېسىلغان ھەربىر قەدىمىمىز، تەبىئەت ـ كائىنات بەرگەن ھەربىر تىنىق، نۇر ـ زىبالارمۇ ئادەمگە قەرز يۈكلەپ ماڭىدۇ. گەرچە ئۇلار ئادەمگە شۇنداق پۇرسەتنى بېرىش

مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلغاندەك تۇرسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ بەرگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ زىممىسىگە قەرز بولۇپ قالىدۇ. بىراق ئادەم بۇنىمۇ خۇددى يۇقىرىدا دېگەندەك تولۇق ھېس قىلمايدۇ، سەزمەيدۇ ياكى ئۇ مېنىڭ قەرزدارلىقىم دەپ قوبۇل قىلماستىن، بەلكى ئۇ تامامەن شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك تۇرمۇش - ياشاش ھادىسىسى ياكى ياشاشتىكى مۇھاكىمە قىلمىسىمۇ بولىدىغان ۋاستە دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئادەم ئاشۇ نەرسىلەرگە قەرزدار بولۇپ ياشايدۇ، ئۆزىنى تاپىدۇ، قىممىتىنى نامايان قىلىش پۇرسەتلىرىنى يارىتالايدۇ. زېمىن قەرزدارلىقى ئادەمنى ئۆز ماكانىغا مۇستەھكەم باغلايدۇ، ئۇنىڭدىن سۆيۈنىدىغان قىلىدۇ. بېقىندۇرۇش بىلەن ئۆزىنىڭ نازۇنېمەتلىرىنى ئايانماي تەقدىم قىلىدىغان چوڭقۇر، كۈچلۈك مۇھەببەت ۋە ساداقەتكە ئىگە قىلىدۇ. زېمىنىنىڭ بۇنداق قەرزدارلىقىنىمۇ ياخشى ئادا قىلىش كېرەك.

## 4. مەجبۇرىيەت قەرزدارلىقى

بۇ بىر خىل ئىچكى - تاشقى قەرزدارلىق بولۇپ، ئىچكى قەرزدارلىق بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. تاشقى قەرزدارلىق بولسا، ئاساسي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئادەم قاچان بولسۇن، ئۆزىنىڭ ئادەملىك سالاھىيىتىنى نامايان قىلىپ ياشىشى كېرەك. چۈنكى ئادەمدە نۇرغۇن بۈيۈك مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ ئادەمنىڭ روھي غالىبلىقى، ماددي غالىبلىقى ۋە كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئادەملىك قىممىتىنى يارىتىش يولىدىكى غالىبلىقى ئارقىلىق يارىتىلىدۇ، ئىشقا ئاشىدۇ. تۇغۇش - تۇغۇلۇش قەرزدارلىقى، بېقىش - بېقىلدۇرۇش قەرزدارلىقى، زېمىن قەرزدارلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئادەمگە مەجبۇرىيەت قەرزدارلىقىنى يۈكلەيدۇ، مەجبۇرىيەت قەرزدارلىقى بولسا، ئادەمنى تىرىشىشقا، كۈرەش

قىلىشقا، بۈيۈك مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا، قىممىتىنى يارىتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەمدە پەيدا بولغان ۋىجدان، غۇرۇر، ئەقىدە، ئىخلاس، مېھىر - مۇھەببەت، كۆيۈم - خالىسلىق، غەزەپ - نەپرەت قاتارلىقلار ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئادەمنىڭ ھاياتىنى يورۇتۇشقا بىۋاسىتە - تۈرتكە بولىدۇ. مەجبۇرىيەت قەرزدارلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە چوڭ قەرزدارلىق بولۇپ، ئادەم ئۆزىگە مەسئۇل بولۇش مەسئۇلىيىتى نۇقتىسىدىن بۇ خىل قەرزدارلىقىنى ناھايىتى سەمىمىي، ئەستايىدىل، ئەتراپلىق ئادا قىلىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئادەم ئۆزىگە، جەمئىيەتكە تولۇق يۈز كېلەلەيدۇ.

# ھەقدارلىق ۋە قەرزدارلىق

كىشىلىك تۇرمۇش قەرزدارلىق بىلەن تولغان بولىدۇ. بىز قايسى تەرىپىمىزگە قارايلى ۋە قايسى ئىشنى قىلايلى، قەرزدارلىقنى ئۇچراتمايدىغان ئەھۋالىمىز ناھايىتى ئاز بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز يەنە ھەقدارلىقنى ھېس قىلىمىز ۋە ئۇنىڭغا دۇچ كېلىمىز. بۇ يەردە بىز ھەقدارلىق بىلەن قەرزدارلىققا نەزەرىيەلەشتۈرۈلگەن ئۇقۇم بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇزاق يىللار داۋامىدا ئادەتلەنگەن ۋە قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرگەن ئۇقۇملار بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز. يەنى بىز ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا بولۇۋاتقان ۋە قانات يېيىۋاتقان ھالىتىگە قاراپ بايان قىلىمىز. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن جانلىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بىز مەنىۋى قەرزدارلىق، مەنىۋى ھەقدارلىقنى قىسمەن، ئىقتىسادىي قەرزدارلىق، ئىقتىسادىي ھەقدارلىقنى ئاساس قىلىمىز.

ھەقدارلىق بىلەن قەرزدارلىقنىڭ شەكىللىنىشى كۆپ تەرەپكە باغلىق، بىراق ئۇ ئادەتتىكى قەرزدارلىقتا ئىككى خىل بولىدۇ، بىرسى بىۋاستە قەرزدارلىق، يەنە بىرسى ۋاستىلىك قەرزدارلىق. قەرزدارلىق شەكىللەنگەن ئىكەن، ئەلۋەتتە، ھەقدارلىقمۇ شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا شەكىللىنىپ بارىدۇ. ئۇزاق مەزگىللىك تەكشۈرۈش ۋە باشتىن كەچكەن تەجرىبىلەر بىزگە بۇ خىل قەرزدارلىقنىڭ ھەر زامان مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، ھەر ۋاقىت ئۇنىڭدىن ساقلىنىش قىيىنلىقىنى

ئىسپاتلاپ بەردى. بىۋاسىتە قەرزدارلىقنى مەلۇم دەرىجىدە توسۇپ ئالدىنى ئالغىلى، ئۇنى چەكلەپ، نىسبەتەن تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ، ۋاسىتىلىك قەرزدارلىقنى چەكلەش، توسۇش، ئالدىنى ئېلىش ئۇنچىلىك ئاسان ئەمەس. چۈنكى ۋاسىتىلىك قەرزدارلىق چوقۇم ھەقدارنىڭ بىۋاسىتە مەنپەئەتى، ماددىي بۇيۇملىرىنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بىۋاسىتە قەرزدارلىقنىڭ ھەقدارغا كەلتۈرىدىغان پايدىسى ۋە بىۋاسىتە مەنپەئەتى ۋاسىتىلىك قەرزدارلىققا قارىغاندا تۆۋەن، ھەتتا يوق دېيەرلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنى چەكلىسە، ئالدىنى ئالسا ئالغىلى بولىدۇ.

بىۋاسىتە قەرزدارلىق نەق بېرىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. كىشىلەر قەرز بېرىشتە پۇل بېرىشىمۇ، نەرسە بېرىشىمۇ، ھەتتاكى گەپ بېرىشىمۇ مۇمكىن. بۇ يەردە دېيىلگەن گەپ بېرىش - تەدبىر كۆرسىتىش، يولغا سېلىپ قويۇش، ھاجىتىنى راۋا قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ ماھىيەتتە مەنىۋى جەھەتتىن بېرىلگەن، شەكىللەنگەن قەرزدارلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قانداقلا بولسۇن، ئۇ چوقۇم نېسى بولماستىن نەق بولۇپ ئەمەلىيلەشكەن بولىدۇ. قەرزدارمۇ بىۋاسىتە ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ، كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئەقلى بىلەن بىلىپ، چۈشىنىپ ئالىدۇ. ھەقدارمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

ۋاسىتىلىك قەرزدارلىق بولسا، بىراۋ ئارقىلىق بۇيرۇپ بېرىلگەن، بىلگەن ياكى كۆرگەن، بار بولغان ياكى بار بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان نەرسە - پۇل قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى، ئۆزى بىۋاسىتە بەرمەستىن، باشقىلارنىڭ قولى بىلەن بېرىدىغان، باشقىلارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن شەكىللىنىپ قالىدىغان قەرزدارلىقنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق قەرزدارلىقنىڭ شەكىللىنىشى ئاسان بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەمەلىيلىشىشى بىرقەدەر قىيىن بولىدۇ. ئۇنىڭ ماھىيىتى قەرزدارلىق بولىدۇ،

مەسئۇلىيىتى كۈچلۈك بولمايدۇ، ھەقدارلىقى ھەقىقىي يوسۇندا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلالمايدۇ. ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن يەنە باشقا بىراۋغا بۇيرۇپ بېرىلگەن قەرزدارلىق بولۇپ، قەرزدارلىقنىڭ يۆتكىلىشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. بۇ ئاخىرقى ھېسابتا سۈرۈلۈپ قېلىشنى، قاتمال بولۇپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بىۋاسىتە قەرزدارلىقنىڭ تەقەززاسى كۈچلۈك، مەسئۇلىيىتى ئېغىر، ھەل قىلىنىشى بىرقەدەر ئاسان بولىدۇ: ۋاسىتىلىك قەرزدارلىقنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىش قىيىن، ئىجرا قىلىنىشى قىيىن، ئەسلىگە كېلىشى تەسرەك، كېتىدىغان چىقىم، ئاۋارىچىلىك كۆپ بولىدۇ. بۇ خىل قەرزدارلىقنىڭ كاپالىتى يېتەرسىز، كونكرېت بولۇشى ناتايىن.

ھەقدارلىق بىلەن قەرزدارلىق كۆپ ھاللاردا بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ. قەرز مۇئامىلىسى مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، قەرزدارلىق شەكىللەنسە، تەبىئىيكى، شۇنىڭغا ئەگەشكەن ھالدا ھەقدارلىق بارلىققا كېلىدۇ. قەرز ئېلىش - قەرز بېرىش مۇناسىۋىتى شەكىللەنمىسە ھەم مەۋجۇت بولمىسا، ئۇ ھالدا ئالاھىدە بولغان ھەقدارلىقنىڭ شەكىللىنىشى ناتايىن. ھەممە ئادەم ھەقدارلىق ئىچىدە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ يەردىكى بىز دەۋاتقان ھەقدارلىق قەرز مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ھەقدارلىق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە بىر خىل ھەقدارلىق ئۇقۇمى بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە قەرز بەرگۈچى ھەقدار، قەرز ئالغۇچى قەرزدار بولىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ شەكىللىنىشى بۈگۈنكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش دەۋرىدە ناھايىتى ئاسان بولىدۇ ھەم ناھايىتى كەڭ بولىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە بىزنىڭ ھەقدارلىق بىلەن قەرزدارلىققا تۇتقان مۇئامىلىمىزنىڭ قانداق بولۇشى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش، توغرا مۇئامىلە قىلىش،

پوزىتسىيەمىزنىڭ ئىنچىكە، ئەتراپلىق، چوڭقۇر، ئىلمىي بولۇش - بولماسلىق مەسىلىسى بولۇپ، بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ساۋاتىمىز، تەجرىبىمىز، تەدبىر - ئۇسۇلىمىز ھەقدارلىق بىلەن قەرزدارلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى ياكى يامان بىر تەرەپ قىلىشىمىزنى بېكىتىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، بۇ ئىككىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە نۇرغۇن ئىچكى - تاشقى سەۋەب، ئامىل، ۋاستە ۋە شەرت - شارائىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بەزىدە ئادەم بىۋاستە قەرزدارلىقنى، بەزىدە ۋاستىلىك قەرزدارلىقنى شەكىللەندۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنالمايدۇ. بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم بولغان بىر نەرسە دەل ئاشۇ ئىشقا قانداق قاراش بىلەن ئۇنىڭ خەتىرىنى ئازايتىش ۋە ئۇنىڭ قاتلام، بۆلەك، تۈركۈملەر بويىچە كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسىلىسى، ئۇنى ئۈنۈملۈك چەكلەش ۋە ئۇنىڭدىن ئىلمىي پايدىلىنىپ، ئىككىنچى بىر خىل قىممەت يارىتىش تىپىدىكى قەرزدارلىق، ھەقدارلىقنى يارىتىش، شەكىللەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەسىلىسى. بۇ تۈگۈننى يېشىش ئۈچۈن، بىز كېيىنكى بايانلىرىمىزدا نۇقتىلىق توختىلىمىز. ھەقدارلىقنى ۋايىغا يەتكۈزۈش، قەرزدارلىقنى تۈگىتىش ۋە ئۇنىڭ خېيىم - خەتىرىنى ئازايتىپ، ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈشتە، بۇ بايانلارنىڭ ھەممىسى قوللىنىشچانلىققا، تەتبىقلاشچانلىققا ئىگە.

# قەرز بېرىشنىڭ پايدىسى ۋە زىيىنى

ئېنىقكى، بىر نەرسىنىڭ ياكى بىرەر ھادىسىنىڭ پايدىسى بىلەن زىيىنى ھامان بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق ھەمراھ ھالەتتە بولىسىمۇ، كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ بىرسى چوقۇم ئوچۇق ھالەتتە، يەنە بىرسى چوقۇم يېپىق ھالەتتە بولىدۇ. بۇنداق بولۇشنى قانۇنىيەت نۇقتىسىدىنمۇ، بىرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشتەك ئالاھىدىلىك نۇقتىسىدىنمۇ مۇقەررەرلىك دېيىشكە بولىدۇ.

قەرزدارلىق ئادەمگە بېسىم ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە، زۆرۈرىيىتى كەلگەندە، ئازادىلىك، ھەتتا بەخت خۇشاللىقى ئاتا قىلىشى مۇمكىن. قەرز بېرىش سەۋەبىدىن زىيان تارتقان، ئۇۋالغا قالغان ئادەملەر بولسا، قەرزدار، قەرزدارلىقتىن تولىمۇ سەسكىنىدۇ. قەرز بەرگەن ئۆزىدىن، قەرز ئالغۇچىلاردىن نەپرەتلىنىدۇ. خۇددى يىلاندىن قورققان ئادەم ئارغامچىدىنمۇ قورققاندەك، قەرز دېسە بېشى ئاغرىپ، نەپرەتكە، قەرز ئالغۇچىنى چايناپ پۈركۈۋەتسىمۇ دەردى چىقمايدىغان دەرىجىدە ئاچچىققا تولىدۇ. بەزىلەر قەرز ئالغۇچىنى، قەرزدارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدۇ، بەزىلەرنى تېخىمۇ چۆكۈرۈپ، نىيىتى يامان، ئەسكى، ناچار، مەيدانى يوق، بۇزۇق، ئەبگاھ، نىجىس، پەسكەش ئادەم دەپ قارايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى قەرزدارلىقنىڭ ئۇلارغا كەلتۈرۈپ بەرگەن زىيانلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇنى ئاساسى يوق دەپ قاراشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

بىراق بىز قەرز ۋە قەرز بېرىشنىڭ بىر تەرىپىگە قاراپ، ئۇنىڭغا بىر تەرەپلىمە مۇئامىلە قىلساق بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ بىر

تەرەپلىمە زىيانلىرىنى دەستەك قىلىنىۋېلىپ، ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمە پايدىسىغا سەل قارىساق ياكى ئازراقلا زىيانلىرىنى كۆرۈپ، پايدىسىنى كۆرمىسەك بولمايدۇ. ئېنىقكى، قەرز بېرىش بىلەن قەرزدارلىقنىڭ ئۆزىگە خاس يېتەرسىزلىكى ۋە ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى بار. يەنى ھەم زىيىنى، ھەم پايدىسى بار. ئۇنىڭ زىيانلىق تەرىپىنى كۆرۈپلا، ئۇنى زىيانلىق دېسەك، زىيانلىق تەرىپىنىلا كۆرسەك بولمايدۇ. ئۇنىڭ ھەر ئىككىسىگە توغرا مۇئامىلە قىلىشقا، پايدا - زىيانلىرىنى يەكۈنلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئالدى بىلەن بۇ يەردە قەرز پۇل ئېلىش بىلەن قەرز پۇل بېرىشنىڭ پايدىسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى. چۈنكى بىز ھەرقانداق چاغدا بىر نەرسىنىڭ ئالدى بىلەن پايدىلىق تەرىپىنىلا كۆزلەيمىز ۋە بىر ئىشنىڭ ئىجابىي تەرىپىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمىز، شۇنداق بولسا ئىكەن دەپ تەشنا بولىمىز. بۇ بىزنىڭ ئەڭ چوڭ شەخسىيەتچىلىكىمىز ۋە بىر تەرەپلىمىلىكىمىز.

قەرز بېرىش، قەرز ئېلىشنىڭ پايدىسىنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىدىن كۆرۈش مۇمكىن:

### 1. ئادەملەرنىڭ سۈپەت - ساپاسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ

ناھايىتى ئېنىقكى، ئىقتىسادىي ئاساسى بار، مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى ئادەملەر ئەل ئىچى قەرز ئىشلىرىدا ئېھتىياتچان بولۇپ، كۆپ ھاللاردا قەرزنى ئۆزىگە يۈك قىلىۋالمايدۇ. شۇڭا ئۇلار قەرز ئالمايدۇ، قەرزنى ئالدىراپ باشقىلارغا بەرمەيدۇ. قەرز بېرىشكە مەجبۇر بولغاندا سەمىمىي، ئەستايىدىل بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر كۆپ ھاللاردا نومۇس بىلەن ھايا كۈچىنىڭ تەسىرىدە قەرز بېرىپ قالىدۇ، بەزىدە ھېسداشلىق قىلىپ، كۆيۈنۈش، مەدەت بېرىش سەۋەبى بىلەن قەرز بېرىپ قويىدۇ. بۇنداق قەرزنىڭ نۇرغۇنلىرى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، بىراق ئۇلار ئەپسۇسلىنىپ كەتمەيدۇ، سەۋر قىلىپ كۈتۈپ، قەرزدارنىڭ بېرىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ، بەزىلەر

تېخى قەرز پۇلىنى ئالالمىسا، ۋاقىتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، كۆڭلىدىن چىقىرىپ تاشلاپ رازى بولۇپ قەرزنى قايتۇرۇۋېلىشتىن ۋاز كېچىدۇ. بەزىلىرى بۇ خىل پۇللارنى ھەقىقىي، سەمىمىي ئادەملەرگە بېرىپ، ئۇنىڭ تېز ياكى ۋاقتىدا قايتىپ كېلىشىگە تۇرتكە بولىدۇ. ھەقدارنىڭ قەرز بەرگەن پۇلى زىيانغا ئۇچرىسا، ھەقدار ھېسداشلىق قىلىپ، ياردەم بېرىش ھېسسىياتىدا بولىدۇ، ياردەم قىلىدۇ، يول كۆرسىتىدۇ، چىقىش يولى كۆرسىتىپ، يولىنى مېڭىشىپ بېرىدۇ، بەزىدە يەنە قايتا قەرز پۇل بېرىپ، يۆلەپ، روناق تېپىشى ۋە قايتا تىرىلىشى، تەرەققىي قىلىشىغا قان ـ تەر ئاققۇزىدۇ. قەرز ئېلىشقا توغرا كەلگەندە ناھايىتى سىقىنىدۇ، تارتىنىدۇ، ئارىسالدى بولىدۇ، ئىزا تارتىدۇ، پەقەت ئىلاج قىلالمىغاندا قەرز ئالمىسا، قەرز پۇلنىڭ تەقەززاسىنى قىلمايدۇ، بۇنداق چاغدىكى قىسىلىشىنى قەرز بەرگۈچىگە ناھايىتى ئېنىق سۆزلەپ قايىل قىلىدۇ، ۋەدە بېرىدۇ. دېگەن ۋەدىسىدە تۇرىدۇ، قەرەلىدە قايتۇرىدۇ، قايتۇرۇش ئارىلىقىدا قارشى تەرەپنى خاتىرجەم قىلىدۇ، قېچىۋالمايدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر قاتار ئىشلاردا ھەقدار بىلەن قەرزدارنى سىنىغىلى بولىدۇ. ھەتتا قەرز ئېلىم ـ بېرىمىدا ئۆزىنى تاۋلىغىلى، چېنىقتۇرغىلى بولىدۇ.

## 2. ياخشى بىلەن ناچارنى پەرق قىلغىلى بولىدۇ

قەرز ئالغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ناچار ئادەم بولۇپ كېتىشى ناتايىن، قەرز بەرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭمۇ ياخشى ئادەم بولۇپ كېتىشى ناتايىن. قەرز بەرگۈچىلەرنىڭ سۈپەت ـ ساپاسى بىلەن قەرز ئالغۇچىلارنىڭ سۈپەت ـ ساپاسى بىردەك بولمايدۇ، بىردەك بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردە بىر نەرسىنى تەكىتلەش كېرەككى، قەرزدارلىق بىچارىلىك، ھەقدارلىق ئۈستۈنلۈك بولۇپ كېتىشىمۇ ناتايىن. قەرز بېرىش بىلەن قەرز ئېلىشنىڭ ياكى قەرزدارلىق يۈكلىنىپ قېلىشنىڭ سەۋەبلىرى

ھەرخىل بولۇپ، ئۇنى بىر قېلىپتا، بىر مەزمۇندا، بىر خىل رەۋىشتە ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. ئۇ ھەم تەكشى ھالەتتە شەكىللىنىپ قالمايدۇ، تەبىئىي، سۇنئىي ھادىسە، ھالەت ۋە تەبىئىي، سۇنئىي ۋاسىتىلەرنىڭ سەۋەب بولۇشى، تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىپ قالىدىغان ئەھۋال ھامان مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ جەرياندا ياخشى ئادەممۇ، ناچار ئادەملەرمۇ قەرزدارلىق، ھەقدارلىقنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالىدۇ، بەزىلىرى ھېچكىم ئويلىمىغان يەردىن، خىيال قىلىپ باقمىغان كىشىلەر تەرىپىدىن قەرزدار، ھەقدار بولۇپ قېلىشىمۇ، قىيىنچىلىق ۋە ئازاب يۇكلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا كۆپ ھاللاردا قەرزدارلىق بىلەن ھەقدارلىقنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆتۈشمە ھالەتتىكى خۇسۇسىيىتى ۋە خاسلىقى بىلەن كىمنىڭ ئىلكىدە بولۇش دەمال بىر نىمە دېگىلى بولمايدىغان ھالدا بىرىكىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئادەم ئويلىمىغان يەردىن مەنسۇپ بولۇش شەكلىدە بارلىققا كېلىپ قېلىشتەك ھالەتنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ جەرياندا بىز ياخشى ئەمەس دېگەن ئادەم بىردىنلا ياخشى بولۇپ چىقىشى مۇمكىن، بىز ياخشى دېگەن ئادەم ناچار بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئاشۇ خىل ئامىللار تۇپەيلىدىن، ھەقدارلىق بىلەن قەرزدارلىقمۇ بىراۋنىڭ كۇتكەن يېرىدىن، بىراۋنىڭ كۇتمىگەن يېرىدىن چىقىپ قالىدۇ. مۇشۇنداق بىر قاتار ئامىللار قەرزدار بىلەن ھەقدارنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى ئايرىشتا مۇھىم ئاساس بولۇپ قالىدۇ. بىراق ھەر بىر ئادەم كىمنىڭ شۇ قەرزدارلىق، ھەقدارلىق مەيدانىدا ياخشى - يامانلىقىنى ئايرىيدۇ، ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئۆلچەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ياخشى - يامانلىق شۇ ئادەملەرنىڭ ۋەدىسىدە تۇرغان - تۇرمىغانلىقى، دېگەن ئىشنى قىلغان - قىلمىغانلىقى، قەرزدارلىق بىلەن ھەقدارلىققا تۇتقان مۇئامىلىسى، ياخشى بولىدىغان ئىشنى قىلغان - قىلمىغانلىقى، قەرزنى ۋاقتىدا

قايتۇرغان ـ قايتۇرمىغانلىقى، قەرز بەرگۈچىمۇ دېگەن ۋەدىسىدە تۇرغان ـ تۇرمىغانلىقى قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، مەيلى قەرزدارلىق ياكى ھەقدارلىق بولسۇن، ھەر ئىككىسىدە ئەنسىرەش، غەم، تەشۋىش ئالامەتلىرى ئورتاق يۈز بېرىدۇ، قەرزدار قەرزنى سۈيلەپ قالارمۇ، قانداق قايتۇرارمەن، قانداق جاۋاب قىلىمەن، دېيىشكەن ـ پۈتۈشكەن بويىچە قايتۇرۇشقا مۇمكىن بولمىدى، قانداق قىلسام بولار؟ دېسە؛ ھەقدار قايتۇرارمۇ، قاچان قايتۇرار، دېيىشكەن ـ پۈتۈشكەن بويىچە قايتۇرارمۇ ـ قانداق؟ دەپ تەشۋىشلىنىدۇ. بۇنداق پىسخىك ھالەت ھەر ئىككى تەرەپتە بولىدۇ. مۇشۇنداق تەشۋىش ـ روھىي ھالەت بولسا، بەزىلەر دېگەن ـ پۈتۈشكەن قەرەلىدە قەرزنى قايتۇرۇشى، ھەقدارمۇ كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلىشى مۇمكىن، بۇنداق پىسخىك ئالامەت ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۇرۇپ، ئىشەنچ پەيدا قىلسا تىنچلاندۇرۇپ، خاتىرجەم قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. بىراق، بەزىلەر پىسەنتكە ئالماي قەرزنى كېچىكتۇرۇشى، ھەتتا قەرزنى قايتۇرۇش ئۈياقتا تۇرسۇن، ھەقدارغا ھەرخىل ۋاسىتىلەر بىلەن زۇلۇم سېلىشى، ئازار بېرىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق ئەھۋال كۆپ ھاللاردا بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ. بەزىلەرگە روھىي زەربە بولغاندىن باشقا، جىسمانىي بېسىم، زىيانكەشلىك ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. مانا بۇ ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىكى، دوستلار بىلەن دوستلار ئارىسىدىكى ياخشى ـ يامانلىقنى تاللاپ ئايرىدىغان ئۆلچەم.

### 3. چۈشىنىش، مېھىر ـ مۇھەببەت چوڭقۇرلىشىدۇ

قەرزدارلىق بىلەن ھەقدارلىق ياخشى بىلەن يامانلىقنى ئايرىشتىكى ناھايىتى روشەن ۋاسىتە. شۇنداقلا ئۇ يەنە كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىش، مېھىر ـ مۇھەببەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سەممىي بولغان ماددىي، روھىي، ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ يارىتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ. بىر

نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، ئادەملەر قەرزدارلىق بىلەن ھەقدارلىق مۇناسىۋىتى جەريانىدا بىر - بىرى بىلەن قويۇق باردى - كەلدى قىلىدۇ. بۇنداق باردى - كەلدى ئادەملەرنى چۈشىنىش، بىلىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئادەملەرنى بىر - بىرى بىلەن بولغان ئالاقىدە كۆپ تەرەپلىمە پايدىلىق ئامىللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. مۇھىم خۇسۇسىيەتكە ۋە ئارتۇقچىلىق، خاسلىققا ئىگە قىلىدۇ. مانا مۇشۇ جەرياندا قەرزدار ئۆزىدىكى مەجبۇرىيەتنى سەمىمىيلىك بىلەن ۋاقتىدا ئادا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەقدارنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقىپ، مۇلازىمەت قىلىشى، ئۆزىنى ئىشەنچلىك ئادەم قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. بەزىدە قەرزدار دەرھال ئەسقېتىپ ھەقدارنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈپ بېرىشىمۇ مۇمكىن ياكى قەرز پۇلنى بالدۇر قايتۇرۇپ، مەجبۇرىيىتىنى ئالدىن ئادا قىلىشى مۇمكىن، ھەقدارمۇ نوچىلىق قىلىپ، قەرزدارنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، مەلۇم قىيىنچىلىقنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن تۈرتكە بولۇشى، قەرزدار جىددىي ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئارتۇقچىلىقىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ ساپ، سەمىمىي تۇيغۇسىنى نامايان قىلىشى مۇمكىن. مانا بۇلار قەرزدار بىلەن ھەقدار ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچ پەيدا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دوستلۇق، مېھرىبانلىق پەيدا قىلىدۇ.

## 4. پۇل ئوبوروتىنى تېزلىتىدۇ

كونىلاردا «پۇل پۇلنى تاپىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. بۇ دېگەنلىك پۇلنى خەجلەش ئارقىلىق ياكى پۇلنى دەسمايە قىلىش ئارقىلىق ئەسلىدىكى پۇلنى كۆپەيتىپ، پايدا - قىممەت ياراتقىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەلۇمكى، بۇنىڭ ماھىيىتى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق يارىتىلىدىغان قىممەت بولۇپ، تىنچ ھالەتتە ئاشۇ خىل قىممەتنى ياراتقىلى بولمايدۇ. دېمەك، پۇل تېپىش ئۈچۈن قولدىن قولغا ئۆتۈشى،

ئالماشتۇرۇلۇشى، يەنى ئوبوروت قىلىنىشى كېرەك. ئوبوروت بولغاندىلا قىممەت ياراتقىلى، پايدا ئالغىلى، پۇلنىڭ ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىككىنچى خىل قىممەت ياكى قىممىتى ئوخشاش يەنە بىر خىل ھاسىلاتنى پەيدا قىلغىلى بولىدۇ. يەنى ھاسىلات پەيدا بولمىدى دېگەنلىك، پۇل قىممەت ياراتمىدى، پۇلنىڭ قىممىتى بولمىدى دېگەنلىك بولىدۇ. قەرز پۇل ئېلىش ۋە بېرىشمۇ ماھىيەتتە قىممەت يارىتىش، ئۇنۇم بەرپا قىلىش بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئوبوروتتىن ئىبارەت ئاساسىي ئېقىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. قەرز پۇل بېرىش بىر خىل ئىجتىمائىي ئۇنۇمنى ئاساس قىلسا، قەرز پۇل ئېلىش بىر خىل ئىقتىسادىي ئۇنۇمنى ئاساسىي مەنبە قىلىدۇ. قەرزدارلىقتا كۆپ ھاللاردا ناھايىتى زور بىر تۈركۈم ياكى بىر قىسىم پۇل - مەبلەغ تۇرۇپ قالغان بولىدۇ. تۇرۇپ قالغان مەبلەغ ئوبوروت قىلىنمىغان مەبلەغ بولۇپ، ئۇنىڭ قىممەت يارىتىشى ناتايىن ياكى ئاز مىقداردا قىممەت يارىتىشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ ئوبوروت قىلىنمىغان مەبلەغ بولۇپ، ئۆزىنىڭ تېگىشلىك قىممىتىنى يارىتىشتىن مۇستەسنا ھالدا تۇرۇپ قالغان بولىدۇ. قەرزدار بۇ خىل پۇلنى قوبۇل قىلسا، ئۇ ھالدا ئوبوروت شەكىللىنىدۇ ياكى ئوبوروت ھالقىسى بارلىققا كېلىپ، ئۇنۇم يارىتىش دەرۋازىسى ئېچىلىشقا باشلىغان بولىدۇ. قەرزدار چوقۇم ئۇنى ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ تۇرۇپ قېلىش ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، بىرەر ئىشنى قىلىدۇ ياكى بىرەر ئىش ئۈچۈن شۇ پۇلنى دەسمايە قىلىدۇ، ئالماشتۇرىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۆزى كۆزلىگەن بىر ياكى بىر نەچچە خىل قىممەتنى يارىتىدۇ. يەنى بەزىلەر قەرز پۇلنى يەنە قەرزگە بېرىدۇ، تىجارىتىگە دەسمايە قىلىدۇ، تۇرمۇشقا سەرپ قىلىدۇ، كېسىلىنى داۋالىتىدۇ، بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ... مەيلى قايسى ئىشقا سەرپ قىلسۇن، ئېنىقكى ئۇ ئوبوروت قىلىنىپ، ئۆزىگە خاس ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق دەرىجىدە قىممەت يارىتىدۇ. قىممەت

يارتىش – ئۆز زىممىسىدىكى يۈكنى يېنىكلىتىدۇ، مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. قەرزدارلىق بىلەن ھەقدارلىق شەكىللەنگەن ھامان ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان دەسلەپكى ئۈنۈم ئوبوروت قىلىنىش بولۇپ، ئۇنىڭ راۋاجى نۇرغۇن تۇرۇپ قالغان مەسىلىلەرنى، ئىشلارنى ھەل قىلىدۇ.

قەرزدارلىق بىلەن ھەقدارلىقنىڭ يۇقىرىقىدەك بىرقانچە خىل ئارتۇقچىلىقى بولۇش بىلەن بىر چاغدا يەنە قەرز پۇل بېرىشنىڭ، قەرزدارلىقنىڭ مۇنداق بىرقانچە خىل زىيانلىق تەرىپىمۇ بار.

1. ۋىجدانسىزلارنى ئاۋۇتىدۇ. قەرزدارلىق يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك بىچارىلىقنىڭ مۇھىم كۆرۈنۈشى ۋە ئىنكاسى بولۇپ، بۇ يەردە يەنە نۇرغۇن ئادەم پەقەت نائىلاجلىقتىن قەرزدار بولىدۇ (بۇ قەرز ئېلىشقا خۇمار بولۇپ قېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئىجابىي يول ۋە ياخشى بولغان ئايلىنىشنى، كەيپىياتنى ئويلىنىپ كەتمەيدۇ. بەزىلەر ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىشقا تىرىشىپ باقسىمۇ، يەنە بەزىلەر ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىشقا، مۇناسىپ ئىش قىلىپ ھەققانىيلىقنى ياقلاشقا تىرىشمايدۇ، تىرىشىپ باقسىمۇ ئەمەلىي ئىش قىلىپ قارشى تەرەپتە ئىجابىي تەسىر پەيدا قىلالمايدۇ. قەرز ئالغۇچىلارنىڭ بۇ خىل قاتمال مۇئامىلىسى ۋە ئادەت بولۇپ قالغان چۆكمە ھەرىكەتلىرى قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرۇش، تولۇق قايتۇرۇش نىشانىنى بەربات قىلىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يالغانچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قەرز قايتۇرۇش ئىمكانىيىتى، قولىدا پۇلى تۇرۇپمۇ ھەقدارنىڭ ئارزۇسىنى چىقىش قىلمايدۇ، بېرىمەن دەپ قويۇپ بەرمەيدۇ، ۋەدە قىلىدۇ-يۇ، ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ. نۇرغۇن سەۋەب ۋە بىچارىلىكنى كۆرسىتىپ، قىيىنچىلىقىنى دەستەك قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قارشى تەرەپنىڭ، ھەقدارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ، ھەقدارنىڭ

نەپرەت ئوقلىرى ئۇنداقلارنى بوش قويمايدۇ. بوش قويسا، تېخىمۇ بىزەك بولۇۋېلىپ، ھەقدارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدۇ، ئۇنداقلاردا ۋىجدان، ئار - نومۇس، ھايا، ھۆرمەت ۋە قەرزدارلىقتىن قورقۇش، ھېيىقىش تۇيغۇسى بولمايدۇ، بەزىلەر ئۇچۇن ئۇ بىر خىل ئامەت تۇيغۇسى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنداق ئادەملەرنىڭ ۋىجدانى بارا - بارا ئۆلىدۇ - دە، شەكلى ئادەم بولۇپ قالىدۇ، نومۇس قىلمايدۇ، بىشەم، ئەبگار بولۇۋالىدۇ.

2) قارا يۈرەكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. قەرزدارلاردىن قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارى تۆۋەن بولغانلىرى ۋىجدانسىز بولۇپ قالغاندىن تاشقىرى، قارا يۈرەك، قورقماس بولۇۋالىدۇ، ئۇنداقلارنىڭ كۆپ قىسمى بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن دەيدىغان سالما بولۇۋالىدۇ - دە، ھەقدارنىڭ قەرزنى بىر ئامال قىلىپ كەينىگە سۆرەيدۇ، بەرمىسەم، قايتۇرمىسام دەپ مۇتتەھەملىك، بىشەملىك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسىملىرى بەرمىسەم قانداق قىلىسەن؟ سوتقا بارساڭمۇ، مەندە بولسا بېرىمەن، بولمىسا نېمىنى بېرىمەن؟ تاپسام بېرىمەن، تاپالمىسام نېمىنى بېرىمەن دەيدۇ. بۇ مۇتتەھەملىك، ئۆكتەملىك بولۇپلا قالماستىن، ئىنتايىن شەرمەندىلىك. ئۇنداقلار سەلبىي تۇيغۇدا بولماستىن، بەلكى، ھەقدار ماڭا قاراپ ئىش قىلىدۇ، ماڭا يالۋۇرىدۇ دەپ قارايدۇ، مۇشۇنداق قاراش شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئۇلاردا قاراملىق پەيدا بولىدۇ - دە، ھەقدارغا روھىي زىيان سالغاندىن باشقا، جىسمانىي، ئىقتىسادىي زىيان سالىدۇ، بەزىلەرگە قارا قولىنى سۇنۇپ، ئاش بەرگەنگە مۇشت بېرىدۇ، قارا يۈزلۈك، قارا يۈرەكلىك قىلىدۇ.

3. ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى يوققا چىقىرىدۇ. تۇرمۇشتا ھەقدارنىڭ ھەممە نەرسىسى تولۇق، بىر پۈتۈن بولۇپ كېتىدىغان ئىش مەۋجۇت ئەمەس، شۇڭا ئۇلارغا ھامان يېتىشسىزلىك بىلەن خىرىس تەڭ كېلىدۇ. ئادەمنىڭ بىر قېتىم ھاجىتى راۋا بولسا، يەنە بىر قېتىم ئۇنداق بولماسلىقى مۇمكىن، شۇنداق ئىكەن،

ھەقدار قەرزداردىن ھەققىنى ئېلىپ تۇرۇشى كىشىلىك تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرۇشى زۆرۈر. بۇنداق چاغدا قەرزدار ھەقدارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، قەرزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ھەقدارغا بەرمىسە، ئۇ ھالدا ھەقدارنىڭ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرايدۇ. بەلكىم ھەقدار شۇ چاغدا مۇھىم، زور ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى مۇمكىن. بۇنداق چاغدا، ھەقدار راۋان ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىسا، بەلكىم ئىشلەپچىقىرىشى توختىشى، زىيانغا ئۇچرىشى، قىممەت يارىتىش ئۈنۈمى يوققا چىقىشى مۇمكىن. دەل مۇشۇنداق چاغدا ئەسقاتمىغان پۇل ھەقدارغا بەك چوڭ زىيان سالىدۇ. ھەقدارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، قىممەت يارىتىش پىلانى، مەقسىتى يوققا چىقىدۇ.

4. ئۆزىنى نابۇت قىلىدۇ. قەرزدارلىقنىڭ ئەسلىدىكى جاۋابكارلىقى، ماھىيەتلىك مەسئۇلىيەتچانلىقى تولىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، بۇنى ھەقدار بېكىتىش بىلەن بىرگە، قەرزدار تولۇق چۈشىنىپ قوبۇل قىلىشى زۆرۈر بولىدۇ، بىراق بەزى قەرزدارلار بۇنداق قارىمايدۇ، بەلكى قەرزنى، قەرز پۇلنى ئويۇن ئورنىدا كۆرىدۇ، ھەتتا ئۇنى ۋاقتىدا قايتۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەنمەيدۇ. بەزىلەر قەرز پۇلنى قىممەت يارىتىشقا ئىشلەتمەستىن، يەۋالىدۇ ياكى ناشايان ئىشلارغا ئىشلىتىپ، بۇزۇپ چېچىپ، ئاخىردا تارتىپ چىقارغىلى بولمايدىغان پاتقاققا كىرىپ قالىدۇ. بەزىلەر قەرز ئالغانسېرى قەرزدىن قورقماس بولۇپ كېتىدۇ - دە، قەرز دائىرىسىنى تەرەپ - تەرەپكە كېڭەيتىۋېتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىنمۇ، بۇنىڭدىنمۇ قەرز ئېلىپ، قەرزنى سۆرەپ ماڭالماس بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ، تېخىمۇ قىيىن تۇرمۇش يولىغا كىرىپ قالىدۇ، بۇنداق ھالەت شۇ ئادەمنى بىر پۈتۈن ۋەيران قىلىدۇ. دېمەك، قەرز پۇلنى مۇۋاپىق، جايىدا ئىشلەتمىسە، ئاقىۋىتى يامان بولىدۇ. شۇ ئادەم جەمئىيەتنىڭ داشقىلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

5. ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بۇزىدۇ. ئايرىم قەرزدارلار

جەمئىيەت داشقاللىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇلار ھەقدارلارنىڭ دەشنامىلىرىدىن قورقمىغاندىن باشقا، قانۇن، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ پەرمانلىرىدىنمۇ قورقمايدۇ. ئۇلار داشقال بولۇپلا قالماستىن، يەنە قەرز پۇلنىڭ سەلبىي تەسىرى نەتىجىسىدە ئوغرىلىق قىلىش، قىمار ئويناش، ئەتكەسچىلىك قىلىش، زەھەرلىك چېكىملىك سېتىش، چېكىش بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىغان جىنايەت گۇماندارلىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بەزىلەر ھەتتا قاتىللىق، زوراۋانلىق قىلمىشلىرىغىمۇ چېتىلىپ قېلىشى مۇمكىن.

بۇ يەردە بىر نەرسىنى تولىمۇ ئەستايىدىل تونۇش زۆرۈركى، كۆرۈنۈشتە قەرزدارلىقنىڭ ئىجابىيلىقىدىن سەلبىيلىكى كۆپ ۋە سالمىقى زور تۇيۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. ئىجابىيلىقى ماس كېلىش ـ كەلمەسلىك ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولىدىغان بىرلىك بولۇپ، ئۇنى توغرا ئىشقا، توغرا كەسپكە سەرپ قىلىپ، مۇۋاپىق نىسبەتتە ئىشلەتسە، ئاندىن ئۇنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئالاھىدە ياخشى بولىدۇ. يەنى ئىجابىيلىقى چوڭ، سالمىقى زور بولىدۇ. بايىقىدەك سەلبىيلىكلەر ئاشۇ خىل ئىجابىيلىقنى كەينىگە داجىتىش ئارقىلىق سۇركىلىش پەيدا قىلىپ، ناچار نەتىجە، ناچار ئۇقۇم پەيدا قىلىدۇ.

ئادەتتە قەرزدارلىقنىڭ سەلبىيلىكى بىلەن ئىجابىيلىقى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ئوينايدىغان رولى، كىشىلەرگە، جەمئىيەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب، قەرزنى قانداق ئىشلىتىشتە ئېنىق كۆرۈلىدۇ. يەنى، توغرا، جانلىق ئىشلەتسە، ئېنىقكى، ئۇنىڭ پايدىسى، ئىجابىيلىقى شۇنچىلىك چوڭ، كۈچلۈك بولىدۇ، دائىرىسىمۇ شۇ قەدەر كەڭ ۋە چەكسىز بولىدۇ؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، قەرزنى نامۇۋاپىق ئىشلەتسە ھەم ئۇنىڭغا سەلبىي پوزىتسىيە تۇتسا، ئېنىقكى، ئۇنىڭ يامان تەسىرى شۇ قەدەر چوڭ، شۇ قەدەر ناچار بولىدۇ.

# قەرزدارلىقنىڭ ئاچقۇچى — تەدبىر

# ھۆججەت شەكلى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى

ئوقۇغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بۇ ھەقتىكى بىلىم، ساۋات ۋە چۈشەنچىلەرنى باشلانغۇچ مەكتەپتىلا ئۆزلەشتۇرۇپ بولىدۇ. ئەمما ئىشلىتىش جەريانىدا ئۆگەنگەن، قوبۇل قىلغان، ئومۇملاشتۇرۇلغان شەكلىنى قوللىنىپ كەتمەيدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھۆججەت - ئىسپاتلارنىڭ شەكلى، مەزمۇنىمۇ زامانىنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ ۋە مەزمۇن، شەكىل، ئىپادىلەش قاتارلىق جەھەتلەردىن كۆپ خىل، كۆپ مەنبەلىك بولىدۇ.

ئادەتتە ھۆججەتنىڭ شەكلى ئۇدۇل شەكىل، يەنى بىرلا جۇملە، بىرلا مەزمۇن بىلەن ئىپادىلىنىدىغان شەكىل؛ مەزمۇنى تولۇق بولمىغان شەكىل، يەنى ئۇقۇمى، مەزمۇنىنى قەرزدار بىلەن ھەقدار، گۇۋاھچىلار بىلىدىغان، ئېتىراپ قىلىدىغان شەكىل؛ بىمەنە شەكىل، يەنى بىر قارىسا ھۆججەتكە ئوخشايدىغان، بىر قارىسا ئۇنداق ئەمەس ھۆججەت - ئىسپات شەكلى؛ مۇكەممەل شەكىل، يەنى ماھىيىتىنى، جەريانىنى ساغلام، جانلىقلىقىنى كونكرېت ئىپادىلەيدىغان شەكىل قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ. مەسىلەن:

### ھۆججەت

ئاكامدىن 1000 يۈەن ئالدىم.
راستلىقى ئۈچۈن: سەمەت جۇمە.
2008 - يىلى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

مانا بۇ بىرلا جۈملە بىلەن ئىپادىلىنىدىغان، كونكرېت مەزمۇنى بولمىغان ئاددىي شەكىل.

### ھۆججەت

ئاكام ئابلەت جۇمە تۇپراقتىن ۋاقىتلىق ئىشلىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن 1000 يۈەن ئالدىم.

دەپ سەمەت جۇمە

بۇ مەزمۇنى بار، ئۇقۇمى تولۇق بولمىغان ھۆججەت شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### ھۆججەت

ئاكام ئابلەت جۇمە تۇپراققا قايتۇرىدىغان 500 يۈەن قەرزىم قالدى.

دەپ سەمەت جۇمە

### ھۆججەت

ئاكام ئابلەت جۇمە تۇپراقتىن موتوسىكلىت سېتىۋېلىشقا ئالغان پۇل 500 يۈەن.

راستلىقى ئۈچۈن: خۇدابەردى جۇمە

### ھۆججەت

مەنىكى ھۆججەت بەرگۈچى سەمەت جۇمە، شۇ توغرۇلۇق ھۆججەت بېرىمەنكى، بۇ يىل ئەتىيازدىكى تېرىقچىلىققا كېتەرلىك ماددىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىدىكى ئاكام ئابلەت جۇمە تۇپراقتىن كېلەر

يىلى 10 ـ ئايدا ئۆسۈمىنى قوشماي، دىرىنى تولۇق قايتۇرۇش شەرتى بىلەن 1000 (مىڭ) يۈەن خەلق پۇلى قەرز ئالدىم.

راستلىقى ئۈچۈن: مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازار 1 ـ كەنت 4 ـ مەھەللىدىن سەمەت جۇمە.

تېلېفون: 6012723 ـ 0998

كىملىك نومۇرى: 651131196688188

كېپىل بولغۇچى: نۇرئەلا داۋۇت.

2009 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

بۇ مۇكەممەل بولغان ھۆججەت شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا مەزمۇن، ئۇقۇملار تولۇق، روشەن، جانلىق ئىپادىلەنگەن.

ئەل ئارىسىدىكى ئېلىم ـ بېرىم ھۆججەت ـ ئىسپاتلىرىدا بۇنىڭغا ئوخشاشمايدىغان شەكىللەرمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا يەنىلا مۇشۇ ئۈچ خىل شەكىلگە ۋە مۇشۇ ئۈچ خىل مەزمۇن، ئۇقۇمدىكى ئوخشاشلىقتا مەركەزلىشىدۇ.

ئەمما چەك ھۆججەتلىرىدە بۇنداق بولۇشى ناتايىن. چۈنكى چەك ھۆججەتلىرىدە كۆپ ھاللاردا سان ئارقىلىق ئىپادىلەش ئاساس، يېزىق ـ مەزمۇن ئارقىلىق ئىپادىلەش قوشۇمچە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: بانكىلارنىڭ ئامانەت چېكى، كارخانىلارنىڭ پۇل تاپشۇرۇپ ئېلىش تالونى قاتارلىقلار. بۇنىڭ شەكلىمۇ ھەرخىل بولۇپ، كونكرېت تۈرلىرىنىڭ شەكلى مەخسۇس، ئايرىم ـ ئايرىم بولىدۇ.

ھۆججەت يازغاندا بۇلاردىن قايسىسىنى قوللىنىش قوبۇل قىلغۇچىلار بىلەن قوبۇل قىلىندۇرغۇچىلارنىڭ ئۆز ئەركىنلىكى بولۇپ، قايسى خىل شەكىلدىكىسىنى قوللىنىشنى ئىككى تەرەپ ئۆزئارا كېڭىشىپ كېلىشسە بولىدۇ. چەك ھۆججەتلەردە بولسا، ئاساسلىقى ھۆججەت ـ ئىسپات يازغۇچى تەرەپنىڭ ئاساسي ئورنىدا تۇرىدۇ، يەنى ئۇلار ئۆزلىرى قوللىنىپ كېلىۋاتقان،

قىلىپلاشقان، بىرلىككە كەلگەن ياكى ئىناۋەتلىك دەرىجىسى يۇقىرى دەپ قارىغان تالون شەكلىنى قوللىنىدۇ. شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھۆججەت ـ ئىسپاتلاردا ئۇلار ئۆزلىرى ئادەتلەنگەن، شۇ كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى، ئىدىيەسىگە يېقىن بولغان شەكىلدىكىسى قوللىنىلىدۇ. مەيلى قايسى خىل شەكىلدىكىسى بولسۇن، ئۇلار ئېتىراپ قىلىسىلا بولىدۇ، ئۇ ھېسابات، مۇئامىلە ئىشلىرىدا قوللىنىشچانلىققا ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك.

**بىر جۈملە بىلەن ئىپادىلىنىدىغان شەكىل:** بۇ خىل ھۆججەت ـ ئىسپات شەكلىدە بار بىلەن يوق ئارىلىقىدىكى مەزمۇن ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئادەتتە پۇل ياكى ماددىي نەرسىنىڭ نېمە سەۋەب، نېمە ئېھتىياج بىلەن ئېلىم ـ بېرىم قىلىنغانلىقى تولۇق ئاشكارا بولمايدۇ. پەقەت ئىككى تەرەپتە ئەنە شۇنداق بىر مۇئامىلە مۇناسىۋىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنى تەھلىل قىلغاندا، ئەمەلىي تەتبىقلىغاندا، ھەر ئىككى تەرەپ ئېتىراپ قىلسا ياكى قەرزدار ئېتىراپ قىلىپ كۆچكە ئىگە دېسە، ئاندىن ئۇنىڭ تەسىرى، قىممىتى تولۇق بولىدۇ. بولمىسا بولا ـ بولماس بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ. ئەخلاق، ۋىجدانىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، بۇ ھۆججەت ـ ئىسپاتنى مەن بىلەن مۇناسىۋىتى يوق پالانى ئىشقا بەرگەن، ھازىر ئۇنىڭ مەن بىلەن مۇناسىۋىتى تۈگىگەن دەپ تۇرۇۋالسىمۇ، دەمال ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئاددىي شەكىلدىكى ھۆججەت ـ ئىسپاتلاردا ئۇنى يازغان ئادەم ئۇنىڭ ئىجابىي تەرىپىگە قارىغاندا سەلبىي تەرىپىدىن بەكرەك پايدىلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: 1. قەرز ئالمىغان ياكى ئېتىراپ قىلمايمەن دېسە، ئۇ ھالدا ئۇنى ئۇرغىلى، تىللىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا قەرز توغرۇلۇق ھېچقانداق ئۇچۇر يوق. 2. بۇ پۇل ئەسلىدە باشقىلارنىڭ ئىدى، مەن ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن پۇلىنى ئېلىپ، پۇلنى ئىگىسىگە شۇ چاغدىلا بېرىپ بولغان. بۇنى

ئەمدى كۆتۈرۈپ چىقىشنىڭ ئورنى يوق، ئۇنىڭ كۈچى تۈگىگەن، بۇ بىمەنىلىك، قىزىل كۆزلۈك دېسە بولۇۋېرىدۇ. ئۇنى ئازراق ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئۇچقۇندىسى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنى بىر پۈتۈن ئىسپاتلاشنىڭ ئاساسى دەپ قارىغىلى بولمايدۇ.

3. مەن بۇ پۇلنى ئىلگىرى ئۇنىڭغا قەرز بېرىپ تۇرغانىدىم، ئۇنىڭدىن پۇل ئالغانلىق ھەققىدىكى مەزمۇن بار ئەمەسمۇ؟ شۇڭا مەن ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق يېزىپ ئولتۇرمىغان دېسىمۇ، بۇنىڭغا دەمال بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. بۇ خىل ھۆججەت - ئىسپاتلارنى قايسى تەرەپتىن ئىزدىسە، تەھلىل قىلسا، تەتبىقلىسا، شۇ تەرەپكە ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. ھېسسىيات جەھەتتىن ئۇنى ھەر تەرەپلىمە ئېتىراپ قىلساق، ئەمەلىيەت جەھەتتىن ھەر تەرەپلىمە تەتبىقلاپ باقساق بولىدۇ. ئەگەر ئىختىلاپ كۆرۈلمىسە، مەسىلە كېلىپ چىقمايدۇ، ئىختىلاپ كېلىپ چىققان ھامان دەۋا - دەستۇرى كۆپ بولىدۇ.

قىسقا قىلغاندا، مانا مۇشۇ ئۈچ خىل ئەھۋال مۇكەممەل بولمىغان ئاددىي شەكىللىك ھۆججەت - ئىسپاتنىڭ توقۇنۇش بولغاندا كۆرۈلىدىغان شەكىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، مۇبادا توقۇنۇش بولمىغان، ئۆزئارا ئېتىراپ قىلغان ئەھۋال مەۋجۇت بولسا، ئاندىن شۇ خىل شەكىلدىكى ھۆججەت - ئىسپات ئۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدۇ، يەنى ئىككى ئادەم ئۆزى ئۇقىدىغان، راست بولغان، ھەقىقىي يوسۇندىكى قىممىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئېنىقكى، كەمتۈك يېزىلغانلىقىدەك يېتەرسىزلىكى ھەر ئىككى تەرەپكە ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلىدۇ.

**مەزمۇنى تولۇقسىز شەكىل:** بۇ خىل شەكىلنىڭ بىرقانچە ئەجەللىك يېتەرسىزلىكى بولىدۇ. بۇ يېتەرسىزلىكى ئۇنىڭ كەم بولۇپ قالغان نۇقتىلىرىدا كۆرۈلىدۇ. (1) پۇلنىڭ قانداق پۇل ئىكەنلىكىنى دەمال بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ. (2) پۇلنى قاچان

قايتۇرۇش ھەققىدىكى كونكرېت ۋاقىت چېكى يوق بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھال قەرزدارنى قەرزنى قاچان قايتۇرسا بولىدىغان ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلەيدۇ، ھەتتا شۇ پۇلنى بىر ئۆمۈر بەرمىسىمۇ بولىدىغاندەك سىجىل ئىمكانىيەتلىك پۇرسەتكە ئىگە قىلىپ قويىدۇ. بۇ ھال يەنە سوتتا دەۋالىشىپ قالسا، قايتۇرۇش ۋاقتىنى سوتقا ئەرز قىلغاندىن كېيىن بىلدىم، دېسىمۇ، ئۇ يەنىلا خاتالىق بولمايدۇ، ھەتتا كىشىلەردە ئۇقۇشماسلىق بولغاندەك ھېسداشلىقنى قوزغايدۇ. بۇ تەرىپى قەرزدار ئۈچۈن پايدىلىق بولسا، ۋاقىت سوزۇكىنىڭ ئۆتۈپ كەتمەسلىكىدەك ئىككىنچى بىر تەرىپى ھەقدارنىڭ قەرز خېيىم - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، چۈنكى سوتقا ئەرز قىلسا، سوزۇكى ئۆتۈپ كېتىپتۇ، دەيدىغان چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. (3) قەرزنى قايتۇرۇش ئۇسۇلى، يەنى دىرى، ئۆسۈمى قاتارلىقلارنى قايتۇرۇشنىڭ شەكلى، ئۇسۇلى كونكرېت بولمايدۇ. (4) پۇلنى قايسى ئىشقا ئىشلىتىش ھەققىدىكى مەزمۇن ئېنىق بولمايدۇ. (5) ئۆسۈم بېرىش - بەرمەسلىك ئېنىق يېزىلمايدۇ، بۇ قەرزدارغىمۇ، ھەقدارغىمۇ زىيانلىق. چۈنكى قەرزدار زىيان تارتمايمەن دېسە، چوقۇم دىرىنى قايتۇرۇش ھەققىدىكى بايانىنى يېزىپ قويۇش كېرەك، ئۆسۈم ۋە دىرىنى قايتۇرىدىغان بولسا، ئۆسۈمنىڭ سوممىسىنى، بۇنىڭدىن باشقا ۋاقتىدا قايتۇرمىسا، تۆلەيدىغان سوممىنى ئېنىق سان بىلەن يېزىپ قويۇش كېرەك. ئەگەر يازمىسا، ئەسكەرتمىسە ياكى پۈتۈشمىسە، ھەق تەلەپ دەۋاسى شەكىللىنىپ قالسا، ئۇ چاغدا، قەرزدار بەش پىرسەنتتىن يۇقىرى، 30% تىن تۆۋەن ئۆسۈم تۆلەپ قايتۇرىدۇ. يەنى، بانكا ئۆسۈمىنىڭ تۆت ھەسسىسىگە قەدەر قوشۇپ قايتۇرۇشقا بۇيرۇلىدۇ. (6) پۇلنىڭ قايسى تۈردىكى پۇل ئىكەنلىكى ئېنىق يېزىلمايدۇ، يەنى خەلق پۇلىمۇ، چەت ئەل پۇلى، ئامېرىكا دوللىرىمۇ ياكى ئالتۇنمۇ؟ بۇلار ئېنىق ئەسكەرتىلمىگەن بولىدۇ. مۇبادا دەۋا شەكىللىنىپ قالسا،

ئۇ چاغدا ھەقدار ئۇنى قايسى خىل پۇل دەۋالسا ياكى تەڭ قىممەتتىكى ئالتۇن ئىدى دەپ تۇرۇۋالسا، ئىبتىراپىقا ئىبرىشىش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ. (7) ئادەم كاپالىتى، يەر ـ جاي ئادرېسى ئېنىق بولمايدۇ. قەرز پۇل خېيىم ـ خەتەرگە ئۇچرىسا، ئۇ چاغدا ئەسلىگە كەلتۈرۈش قىيىنغا توختايدۇ. ئادەم كاپالىتى بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

ھۆججەت ـ ئىسپاتنىڭ مەزمۇنى تولۇق بولمىسا، بىردە قەرزدارغا پايدىلىق، ھەقدارغا زىيانلىق، يەنە بىردە ھەقدارغا پايدىلىق، قەرزدارغا زىيانلىق بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق ھۆججەت شەكلىدە يوچۇق كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان يوچۇقلارنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئىختىلاپ كېلىپ چىقسا، ئىسپاتلاش قىيىن، ھەل قىلىش قىيىن، توغرا يەكۈن چىقىرىش قىيىن بولىدۇ. ھەتتا، سۆرەلمە، چىگىچ مەسىلە ۋە زىددىيەت كېلىپ چىقىدۇ. بۇ بىر قاتار ئىشلار تولۇق بولمىغان ھۆججەت ـ ئىسپاتلارنىڭ يېتەرسىزلىكى بولۇپ، كەم بولسۇن، ئۇنىڭدىن قاتتىق ساقلىنىشى كېرەك.

بىمەنە شەكىل: بۇ خىل شەكىلنىڭمۇ يېتەرسىزلىكى كۆپ بولىدۇ، ئۇنىڭدا ئاساسەن قېلىپلاشقان ياكى تولۇق بولغان ھۆججەت ـ ئىسپات شەكلى بولمايدۇ. بىر قارىسا راست، بىر قارىسا، بىر نەرسە دېگىلى بولمايدىغان بىر خىل غەيرىي نورمال ئالامىتى بولىدۇ. بۇنى پەقەت قەرزدار بىلەن ھەقدارلا بىلىدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ دەۋا ـ دەستۇردىكى قىممىتى ئومۇمەن يۇقىرى بولمايدۇ. بۇنداق شەكىلنى قەتئىي قوللىنىشقا بولمايدۇ، ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك.

مۇكەممەل شەكىل: شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھۆججەت ـ ئىسپاتتا ئومۇمەن مۇكەممەل شەكىل قوللىنىش كېرەك، چۈنكى مۇكەممەل شەكىلنىڭ ھەممە جەھەتتىن ئىبتىراپ قىلمىسا

بولمايدىغان مۇقىملىقى، تۇراقلىقلىقى ۋە مۇرەسسەسىزلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممىگە باب كېلىدىغان ئورتاقلىقى قانۇن تولۇقى بىلەن ئېتىراپ قىلىدىغان ئالاھىدىلىكى بار. بۇ شەكىل يۇقىرىقى ئىككى خىل شەكىلدە يېزىلغان ھۆججەت - ئىسپاتلارنىڭ بارلىق يېتەرسىزلىكىنى تولۇق تۈگىتىپ، قەرزدار بىلەن ھەقدارغا تېگىشلىك ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىدۇ. مۇبادا قەرزدارلىقتا دەتالاش بولۇپ، دەۋا - دەستۇر شەكىللىنىپ قالسىمۇ، قانۇننىڭ بىردىنبىر ئېتىراپ قىلىدىغىنى يەنىلا مۇشۇ خىل شەكىلدە يېزىلغان ھۆججەت - ئىسپات بولىدۇ. بۇنداق ھۆججەت - ئىسپات سوتتا پاكىتى ئېنىق، دەلىل - ئىسپاتى تولۇق دەپ قارىلىدۇ، ئۇنى بىرىنچى دەرىجىلىك ئىسپات ئورنىدا ئېتىراپ قىلىدۇ. پاكىت ھەممىنى سۆزلىسۇن، دېگەن قائىدىگە سالغاندىمۇ، مۇكەممەل شەكىللىك ھۆججەت - ئىسپات ئۇقۇم، ئۆلچەمگە تولۇق چۈشىدۇ، ئۇ ھەرقانداق مادارا قىلىش، قارشى تۇرۇشلارنى مەغلۇپ قىلىدۇ.

# ئۆلچەملىك ھۆججەت قانداق بولىدۇ؟

بىز بۇ يەردە ئالدى بىلەن ئىككى ھۆججەت شەكلىنى مىسال قىلىپ ئۆتەيلى:

بىرىنچى خىلى كونچە، ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا يېزىلىدىغان ھۆججەت - ئىسپات شەكلى بولۇپ، ئۇ ئومۇمەن مۇنداق مەزمۇندا يېزىلىدۇ:

## ھۆججەت

مەنكى ھۆججەت بەرگۈچى قۇربان قارىي جۇمە، شۇ توغرۇلۇق ھۆججەت بېرىمەنكى، مەن ئاكام خۇدابەردى جۇمەدىن ئۆي سېلىش ئۈچۈن 1000.00 (بىر مىڭ) يۈەن پۇل قەرز ئالدىم. بۇ پۇلغا ئۆسۈم بەرمەيمەن. دىرىنى 2010 - يىلى 10 - ئايغىچە تۈركۈمگە بۆلۈپ بېرىمەن. ۋاقتىدا بېرەلمىسەم، يېڭىباشتىن دېيىشىپ، قانداق قايتۇرۇشنى پۈتۈشۈپ شۇ بويىچە ئىش كۆرىمەن، قەرز پۇلغا پۇل ئالىمەن دېسە پۇل، نەرسە ئالىمەن دېسە تەڭ قىممەتتىكى نەرسىنى بېرىمەن، مەن بېرەلمىسەم، گۇۋاھچىلىرىم تۆلەپ قايتۇرىدۇ.

راستلىقى ئۈچۈن، مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازار كۆلبېشى 1 - كەنت 4 - مەھەللىدىن:

قۇربانقارىي جۇمە

گۇۋاھچى، كېپىل بولغۇچىلار: سەمەت جۇمە، ئانارگۈل جۇمە، جەننەتخان ياسىن.

2008- يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

بۇ كونا ئۇسۇلدىكى ھۆججەت ۋە ۋەسىيقىلەرنى يېزىش شەكلى بولسىمۇ، بىرقەدەر مۇكەممەل، ئېنىق ئۇقۇمغا ئىگە بولغان مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن.

نۆۋەتتە بۇ خىل كونا شەكىلدىكى ھۆججەت - ئىسپاتنىڭ ئورنىنى بىرقەدەر ئىخچام بولغان مۇنداق شەكىل ئىگىلىدى. بۇ ئىككىنچى خىل شەكىل:

## ھۆججەت

ئاياغ ئېلىپ - سېتىش تىجارىتىمنى كېڭەيتىشكە ئاكام خۇدابەردى جۇمەدىن بىر يىللىق مۆھلەت بىلەن دىرىنى تولۇق قايتۇرۇش، ئۆسۈم ۋە باشقا چىقىملارنى دېمەسلىك شەرتى بىلەن 10000 (ئون مىڭ) يۈەن خەلق پۇلى قەرز ئالدىم.

راستىلىقى ئۇچۈن، مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا بازار كۆلبېشى 1 - كەنت 4 - مەھەللىدىن:

قۇربانقارىي جۇمە

گۇۋاھچى، كېپىل بولغۇچىلار: سەمەت جۇمە، ئانارگۈل جۇمە، جەننەتخان ياسىن.

تېلېفون: 6162567

2008 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

ھەر ئىككى شەكىلنىڭ مۇكەممەللىكى بولۇپ، مەزمۇنى، قاراتمىلىقى تولۇق، ئۇقۇم روشەن، ئۇ ھەرقاچان، ھەرزامان قانۇنىي كۈچكە ئىگە، ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ھۆججەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئادەتتە بىر پارچە ھۆججەت - ئىسپاتنىڭ تولۇق، مۇكەممەل بولۇشىدا مۇنداق بىرقانچە شەرت، مەزمۇن ئېنىقلىمىسى بولىدۇ:

**1.** ئادەم

ھەرقانداق بىر ھۆججەت - ئىسپاتتا ئادەم ئامىلى بىرىنچى

بولىدۇ. شۇڭا ھۆججەت ـ ئىسپاتتا ئادەم ئىسمى ناھايىتى ئېنىق، روشەن، قوللىنىلغان خەت، فامىلىسى قاتارلىقلار تولۇق، توغرا، ئۆلچەملىك بولۇشى كېرەك. بۇلار بولمايدىكەن ياكى شۇ ھۆججەت ـ ئىسپات كەمتۈك بولۇپ قالىدۇ، ياكى قاراتمىلىقى، كۈچى بولمايدۇ. ھەتتا ئۆلۈك، ئاقماس بىر پارچە قەغەز بولۇپ قالىدۇ. بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن بىمەنە ھۆججەت ـ ئىسپات شەكلىگە ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا مەيلى كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر پۇلنى ئالغۇچى، بەرگۈچىنىڭ، شۇنداقلا گۇۋاھچىلارنىڭ تولۇق ئىسمىنى ياكى جەمئىيەت قوبۇل قىلغان ۋە ئۆزى ئېتىراپ قىلىدىغان لەقەم، خاس ئىمزا، ئىسمىنى تولۇق ھەم ئەينەن يېزىشى كېرەك.

**2. مەقسەت ـ مۇددىئا**

بۇنىڭغا قەرز ئېلىش، قەرز بېرىشتىكى سەۋەب، مۇددىئا ـ مەقسەت تولۇق يېزىلىشى كېرەك.

**3. ۋاقىت**

بۇنىڭغا قەرز ئالغان چاغدىكى ۋاقىتى ۋە قايتۇرۇپ بېرىش ۋاقتى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك.

**4. قەرزنى قايتۇرۇش قەدەم ـ باسقۇچى**

بۇنىڭغا قەرزنى قانداق قايتۇرۇش، قانچىلىك قايتۇرۇش، قانداق نەرسە بىلەن قايتۇرۇش تولۇق يېزىلىشى كېرەك ياكى ئەسكەرتىلىشى كېرەك.

**5. قەرزنىڭ خاراكتېرى**

قەرزنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئېنىق يېزىش كېرەك. يەنى ئالتۇنمۇ، پۇلمۇ، نەرسىمۇ دېگەندەك.

**6. سان ـ سېپىر**

بۇنىڭدا قەرزنىڭ سانى يېزىلىشى، بولۇپمۇ قەرز ئالغان پۇل ۋە نەرسىنىڭ سانچىلاپ يېزىلىشى، يەنى رەقەم بىلەن يېزىلىشى پۇل بىرلىكى قائىدىسى بويىچە يېزىلىشى، شۇنىڭغا

بىرلەشتۈرۈپ يېزىقچە يېزىلىشى ـ ئەسكەرتىلمىسى يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى كېرەك. بۇ ئىككىسى تولۇق، ئوخشاش يېزىلمىسا، بىر تەرەپ ئېتىراپ قىلمىسىلا، ئىختىلاپ كېلىپ چىقىدۇ. ھېسابات قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمايدۇ.

## 7. گۇۋاھچى، كېپىل بولغۇچى

يۇقىرىدىكى شەرتلەر ھازىرلانغان ھۆججەت ـ ئىسپاتلاردا گۇۋاھچى، كېپىل بولغۇچىنىڭ قول قويۇشى تېخىمۇ مۇكەممەل بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. مۇمكىن بولسا، ھەقدار قەرزداردىن مۇشۇ شەرتنىمۇ ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك.

## 8. قول بېسىش

قەرز ھۆججىتىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، قەرزدار قولىنى سۇرۇخقا بېسىپ قويۇشى ياكى تامغا بېسىپ قويۇشى، گۇۋاھچى، كېپىل بولغۇچىلارمۇ سۇرۇخ ياكى تامغا بېسىشى كېرەك. بۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى قەرزدار تېنىۋالسا ياكى ھەقدار قەرز ھۆججىتىنى ئۆزگەرتىپ قىزىل كۆزلۈك قىلسا ۋە ياكى قەرزدار ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ چاغدا بارماق ئىزى ئارقىلىق ھەقدارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ قالغىلى بولىدۇ.

## 9. قەرز توختامى ئىمزالاش

قەرز بەرگۈچى بىلەن قەرز ئالغۇچى قەرز پۇل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن كېلىشىم تۈزۈپ، توختام شەكىللەندۈرسە، قەرزنىڭ ئۈنۈمى ئالاھىدە ياخشى بولىدۇ. چۈنكى قەرز توختامىدا ناھايىتى كەڭ مەزمۇننى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. مۇنداقچە قىلغاندا قەرز توختامى شۇ قەرزنى ئېلىشتىن تارتىپ تاكى بېرىشكىچە بولغان جەريانلارنى قانداق ئېلىپ بېرىشنىڭ روشەن قېلىپى بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ ئەمەل قىلسىلا، قەرزنىڭ ئاقىۋىتىدىن مەسىلە چىقمايدۇ. بىراق كۆپ ھاللاردا بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەس. ئەمەلىيەت جەريانىدا كىشىلەر بۇنىڭغا ئادەتلەنمىگەن. كېيىنچە بۇ خىل قەرز بېرىش شەكلى كىشىلەرنىڭ قانۇن ئېڭىنىڭ يۇقىرى

كۆتۈرۈلۈشكە ئەگىشىپ بارلىققا كېلىدۇ، ئومۇملىشىدۇ. ھازىرمۇ ئايرىم چوڭ سوممىلىق قەرزلەردە بۇ ھال يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. بەزىلەردە كىچىك قەرز مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ مەخسۇس خاسلىققا ئىگە توختام تەييارلاپ، ئىش بېجىرىۋاتقان ئىشلار بار.

بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ھۆججەت ـ ئىسپاتلاردا يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك بىر قاتار مۇھىم مەزمۇن، ئېنىقلىمىلار بولىدۇ. بۇلاردىن بىرەرسىمۇ كەم بولۇپ قالماسلىقى، تومتاق بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ساۋاتى ۋە ئادەتلىنىشى كەمچىل، سەل قاراش ئېغىر، شۇڭا قەرز ھۆججەت ـ ئىسپاتلىرىنى مۇكەممەل يېزىشقا سەل قارايدۇ. مەيلى كىم بولسۇن، مۇكەممەل ھۆججەت ـ ئىسپات يېزىش شەكلى، ئۇسۇلى، مەزمۇنىنى ئۆگىنىپ قويۇشى، ئىزچىل قوللىنىشى كېرەك. ئۇنىڭ قاراتمىلىققا، راستلىققا، ساغلاملىققا ئىگە بولۇشىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.

# ھۆججەت ۋە چەك ھۆججەت

كىشىلىك تۇرمۇشتا بىز ھەر ۋاقىت ھۆججەت ۋە چەك ھۆججەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ قالىمىز. بىز دۇچ كەلمىسەك، ئۇ دۇچ كېلىدۇ، ئۇ دۇچ كەلمىسە، بىز دۇچ كېلىمىز. چۈنكى بۈگۈن بىز ئۇنىڭدىن يىراق تۇرساق، ئەتە ئۇنىڭ ئالدىغا بارىمىز، ئەتە ئۇنىڭ ئالدىغا بارمىغان تەقدىردىمۇ، ئۆگۈنلۈككە چوقۇم ئۇنىڭغا دۇچ كېلىمىز. ئۇنىڭ ئالدىغا بارىمىز. ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قېلىش، دۇچ كېلىش، قوبۇل قىلىش، قوبۇل قىلدۇرۇش، مەجبۇرلىنىپ قېلىش، مەجبۇر قىلىنىشقا دۇچ كەلمەي قالمايمىز. بۇ خىل ھالەتنىڭ تەكرارلىنىشى، قايتىلىنىشى دەۋرىي قىلىنىش جەريانىدا بىزگە ۋە باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئۆزلىشىپ، سىڭىپ ماڭىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ھۆججەت ۋە چەك ھۆججەت بىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىمىز، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىمىزنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ، بۇ ئادەمگە سايىدەك ئەگىشىپ يۈرىدۇ. بەزىدە دەل ئاشۇ خىل ۋاستە بولمىسا، مەۋجۇتلۇقنى يوقاتسا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىكى نۇرغۇن ھادىسە، پائالىيەت ۋە ھەرىكەتنىڭ جەريانى قىسقىراپ كېتىدۇ ھەتتا ئۇنىڭ بەزىلىرىنىڭ دەرىجىسى، سۈپىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، ئايرىم ھەرىكەتلەر مەزمۇنىنىڭ ساغلام، جانلىق بولۇشىغا ئېغىر نۇقسان يېتىشى مۇمكىن. ھۆججەت ۋە چەك ھۆججەتنىڭ ئىستېتىك قىممىتى شۇ يەردىكى، ئۇ ئادەمنى قىزىقتۇرىدۇ، جەلپ قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بەزىدە ئۇ ھەم ئادەمنى ئازابقا، ھەم سۆيۈنۈشكە چۆمۈلدۈرىدۇ. ئۇ گەرچە بەزىدە بىر

پارچە قەغەزدىن ئىبارەت ئاددىي نەرسە بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس قىممىتى ئەينەنلىك ۋە كۈچلۈك خاسلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىشەنچ، جاسارىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ ئادەمگە كەلتۈرىدىغان زىيىنىغا قارىغاندا، پايدىسى كۆپ بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇ مۇۋاپىق، جانلىق، ئەمەلىي ۋە نەتىجىسى ئالاھىدە بولغان ئىشلارغا تەتبىقلانسا، ئۇنىڭ ئاۋارىچىلىكى ئاز، قىممىتى ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ. ئەكسىچە بولسا، زىيىنى ئېغىر، ئاۋارىچىلىكى زىيادە كۆپ، خېيىم - خەتىرى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ.

بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك ئەل ئىچى قەرز ھۆججەتلىرىنىڭ شەكلى بىرقانچە خىل، مەزمۇنى تۈمەن خىل بولىدۇ. ھۆججەتنى كىچىك تۈرلەرگە ئايرىساق، قەرز ھۆججىتى، ئىسپات، ئاساس، چەك، ئىسپات - تالون قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مەزمۇنى ۋە ئىپادىلەيدىغان دائىرىسى بار. بىز بۇلارنىڭ ئايرىم مەزمۇنلىرىنى ئاز - تولا بايان قىلدۇق. بولۇپمۇ ئۇنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىق، يېتەرسىزلىكىنى بايان قىلدۇق. بۇ يەردە بىز يەنىمۇ ئىچكىرىلىگەن ھالدا، ئۇلارنىڭ تۇتقان ئورنى، خاسلىقى ۋە ئىپادىلەيدىغان مەزمۇن دائىرىسى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

ھۆججەت ھەممىمىزگە ئايان بولغىنىدەك، بىر قاتار مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدىغان، بولۇپمۇ قەرزدارلىق بىلەن ھەقدارلىقنى ئايرىپ بېرىدىغان بىر مۇھىم ۋاستە. بۇنىڭغا تەۋە بولغان، بىز تىلغا ئالغان قەرز ھۆججىتى مەلۇم نەرسىنىڭ بىراۋغا قەرز بېرىپ تۇرۇلغانلىقىنى ئىسپاتلاش رولىنى ئوينايدىغان خاسلىقى بار، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇ ھەرقانداق بىر ۋاستىدىن ئالاھىدە پەرق قىلىپ تۇرىدۇ. ئىسپات - ئاساس بولسا، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنىڭ قايتۇرۇلغانلىقىنى، باشقىلاردا قانداق شەكىلدە بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقىنى، قىلىنىپ

بولۇنغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ئىسپات ـ ئاساسنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى، بەزىدە ئۇ قەرز ھۆججىتىنىڭمۇ رولىنى ئىيلەپ قالىدۇ. چەك مەلۇم ئورگان، مەلۇم ئىدارە ـ تەشكىلاتنىڭ، مەلۇم بىر توپ ئادەملەر توپىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى مەنبە قىلغان ئاساسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق چەكنىڭ ئىناۋەتلىك دەرىجىسى، قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ. يەنى بانكا ئامانەت چېكىگە ئوخشاش. چەك ئىسپات ـ تالون بولسا، مەلۇم بىرلىككە كەلگەن تارماقنىڭ ماددىي نەرسىلەرگە تاپشۇرۇپ ئالغانلىق، قايتۇرغانلىق ياكى قايتۇرماسلىقى ئېنىق بېكىتىلگەن، قېلىپلاشقان، بىرلىككە كەلگەن ئاساسىنى كۆرسىتىدۇ. ئالدىنقىسى خۇسۇسىيلار ئارا ئالماشتۇرۇلىدىغان ۋە ئۇلار ئۆزلىرى بىۋاسىتە يازىدىغان، مەزمۇنى كەڭ، كونكرېت ھەم جانلىق بولغان ئاساس، كېيىنكىسى ھۆكۈمەت ۋە تەشكىلىي ئاپپاراتلاردا بىرەر ۋاسىتىنىڭ رولى بىلەن يېزىلىدىغان، بىر ئورگان، بىر تەشكىلاتقا ۋەكىللىك قىلىدىغان، شەخسلەر ۋە قانۇن ئېتىراپ قىلىدىغان ئاساسنى كۆرسىتىدۇ.

كۆپ ھاللاردا بۇ ئىككى خىل ئاساس ئارىلىشىپ كېتىدۇ. بەزىلەر ھۆججەت بىلەن ئىسپاتنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ: قەرز ھۆججىتىنىمۇ ھۆججەت، قەرز قايتۇرغانلىق ئىسپاتىنىمۇ ھۆججەت دەپ قارايدۇ ھەم شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئۇقۇم، مەزمۇن جەھەتتىن ئۇلارنىڭ ئىپادىلەيدىغىنى ئاساسەن بىر خىل بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككىسى ئايرىم ـ ئايرىم مەزمۇن، قاراتمىلىققا ئىگە بولىدۇ. مەزمۇن ئىپادىلەيدىغان ئىدىيەنى، جەريانىنى، سەۋەب ـ نەتىجىنى كۆرسەتسە، قاراتمىلىق شۇ مەزمۇن دائىرىسىدىكى ئىشلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش، كىمگە، نېمىگە تەۋە بولۇش، قانداق ئاقىۋەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىدەك بىر قاتار تەرەپلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە بۇ ئىككىسىنى پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش، ئايرىپ

يېزىش تولىمۇ مۇھىم. بىراق مەيلى قايسى خىل شەكىلنى قوللانسۇن، يازغاندا مەزمۇن تولۇق، پاكىت ئاساسى كۈچلۈك، ئىككى تەرەپ بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان بولسىلا، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى قانۇن قوغدايدۇ، ئېتىراپ قىلىدۇ.

بۇ يەردىكى گەپ ئۇلار ئۇتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئايرىپ قاراش، ئايرىم مۇئامىلە قىلىش، ئايرىم ئىجرا قىلىش، توغرا قوللىنىش ۋە توغرا ئىشلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا. شۇڭا، ئۇلارنىڭ يېزىلىش شەكلى، مەزمۇنى، ئارتۇقچىلىق، كەمچىلىكى، قايسى تۈرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش لازىملىقى قاتارلىقلارنى بىر - بىرلەپ ئۆزلەشتۈرۈش، توغرا قوللىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

# مەزمۇنى ھەم ئاساسى ئاجىز ھۆججەت

كىشىلىك جەمئىيەتتە نۇرغۇن ساددا، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر بار ھەم يەنە ئاشۇ خىل كىشىلەرنى ئەخمەق قىلىدىغان مەككار، دىيانەتسىز، سەممىيەتسىز كىشىلەرمۇ مەۋجۇت. مۇشۇنداق كىشىلەر ھۆججەت ـ ئىسپات يازغاندا، بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن مەزمۇنى، ئاساسى ئاجىز، يەنى ئۈلۈك ـ جانسىز ھۆججەت ـ ئىسپات يېزىش ئارقىلىق كىشىلەرنى كولدۇرلىتىدۇ، ئۆزىنى مەسئۇلىيەتتىن قاچۇرىدۇ، بۇ بىر جەھەتتىن ئەخلاقسىزلىق، شەرمەندىلىك بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن قىزىل كۆزلۈك، نامەردلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر تونۇشىمىز بىر پارچە ھۆججەتنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ھېلىقى ھۆججەتكە: «XX نىڭ مەندە 10 مىڭ يۈەن پۇلى بار. راستلىقى ئۈچۈن بۇنى يېزىپ بەردىم» دېگەن مەزمۇن يېزىلغان. قارىسام، ھېلىقى ھۆججەتتە نە ئادەم ئىسمى، نە ئادرېس، نە پۇلنىڭ قانداق پۇل، قاچان بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقى قاتارلىقلار يوق. ھېلىقى تونۇشىمىز: «بۇ ھۆججەت قاملاشمىدى» دېسە، XX: «تازا قاملاشتى، ئەسلىدە كەنتكە ئۆتۈپ قالغان بۇ پۇلۇڭغا بۇنداق دەپ يېزىپ بېرىدىغان ئىش يوق ئىدى، مەن يېزىپ بەردىم، خوش بول، مەنلا ھايات بولىدىكەنمەن، بۇ ھۆججەتنى ئېتىراپ قىلىمەن» دەپ پوپوزا قىلغان. تونۇشىمىز قولىدىكى بۇ ئاساستىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، XX نىڭ مۇناسىپ بولمىغان شەرتىگە ماقۇل بولۇپ، ئۇنى بىرقانچە كىشىگە كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ گۇۋاھچى بولۇپ بېرىشىنى ئۆمىد قىلغان. كېيىن يەنىلا

خاتىرجەم بولالماي، XX نىڭ يېنىغا بېرىپ، ئىمزا قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، XX: «بۇ ھۆججەتتىكى ئىسىمنى باشقىلار كۆرۈپ قالسا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار مېنى قەرزى بار ئىكەن دەيدۇ، كەنتنىڭ نامىدا يېزىپ بېرەي دېسەم، شۇجى يول قويمايدۇ. بۇ ئىشنى ئىككىمىز بىلىشكەندىن كېيىن بولدى ئەمەسمۇ؟ بۇ پۇلنى كېيىن چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىمەن، سىز خاتىرجەم بولۇڭ» دەپ تۇرۇۋالغان، شۇنىڭدىن كېيىن بىر مەزگىلگىچە پۇلنى سۈيلىمىگەن، كېيىنكى كۈنلەردە XX كەنتنىڭ مالىيە خادىملىق ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ قالغان. پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، XX: «مەندە نەدە پۇلۇڭ بار ئىدى؟» دەپ كۆكەملىك قىلغان. كەنت پۇلنى ئۇنىڭ تۆلەيدىغانلىقى ھەققىدە بۇيرۇق قىلغان، بىراق XX مەندە ئۇنىڭ پۇلى يوق دېگەندە چىڭ تۇرغان. ئاخىردا ھېلىقى تونۇشىمىز XX ئۈستىدىن 10 مىڭ يۈەن پۇلنى ئېلىپ بېرىش ھەققىدە سوتقا ئەرز قىلغان. سوتتىمۇ XX ئېتىراپ قىلمىغان. ئاخىردا سوت پاكىتنى ئېنىقلىيالماي، رەت قىلىپ ھۆكۈم چىقارغان. 10 مىڭ يۈەن ھەقدارغا زىيان بولغان.

مەن دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشنى بىر نەچچە قېتىم ئۇچراتتىم. مەلۇم يېزا بازىرىدىكى بىر كىشى يېقىن بىر ئاغىنىسى تىجارەتتە زىيان تارتقاندا، 20 مىڭ يۈەن بېرىپ تۇرغان، پۇلنى بەرگەندە ھېچقانداق ھۆججەت - ئىسپات ئالمىغان، ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە، پۇلىنى سۈيلىسە، بىر ئاز تۇرۇپ تۇرۇشنى ئېيتقان. ھەقدار كىشى قەرزدار مۇئامىلىسىنىڭ بۇرۇنقىدەك بولمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ھېچبولمىغاندا ھۆججەت ئېلىپ قويۇشنى نىيەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بارغاندا، قەرزدار باھانە كۆرسەتكەن. كېيىن ھەقدار كىشى قەرزدارنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بىر نەچچىنى ئېلىپ بېرىپ، ئاران - ئاران دېگەندە: «ئىسپات، ئاغىنەمنىڭ مەندە 20 مىڭ يۈەن پۇلى بار. راستلىقى ئۈچۈن بۇ كاپالەتنى يېزىپ بەردىم» دەپ يېزىپ قولىغا

تۇتقۇزۇپ قويغان. ئىمزا قويۇپ بېرىشنى دېسە، بولدى، ھاياتلا بولسام بۇ پۇلغا مەن جاۋاب بېرىمەن، مانا بۇ ئاغىنىلەر گۇۋاھ بولسۇن، مۇشۇنداق دېيىش كېتەمدۇ... دېگەندەك گەپ - سۆزلەر بىلەن جانسىز ھۆججەت يېزىپ بەرگەن. ھەقدار كىشى يەنە بىر يىلغىچە پۇلنى سۈيلەپ ئالالمىغان، ئاخىرى سوتقا ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغان. بىراق سوت ئېچىلغاندا، قەرزدار ھېلىقى ھۆججەتنى مېنىڭ ئەمەس، دېگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى چاغدا گۇۋاھچى بولغان ئاغىنىلىرىمۇ سوتقا بېرىپ گۇۋاھلىق بېرىشتىن ۋاز كېچىپ، گۇۋاھلىق سۆزى يېزىپ بېرىپ، ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىۋالغان. سوتچى قەرزدارغا ھېلىقى ئىسپاتنى دەلىل قىلغاندا، قەرزدار: «بۇنى مەن يازغان، بىراق بۇ پۇل ئەزەلدىن بولغان ئەمەس، ئۇ مەندىن پۇل ئۇندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، بىھۇدە ئۇنى سوتقا كۆتۈرۈپ كېلىپ، سوتچىلارنى ئاۋارە قىلىپتۇ. ئەسلىدە بۇ كىشى بىلەن يېقىن دوستلاردىن ئىدۇق، 10 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، بۇ كىشى ئالدىمغا كېلىپ، قوشنام پۇل سوراپ كەلدى، بەرمەي دېسەم بولمىدى، بېرەي دېسەم، پۇل قەرز بەرگۈم يوق، شۇڭا بىر يالغان ئىسپات يېزىپ بەرگەن بولسىڭىز، مەن پۇلنى باشقىلارغا بېرىپ بولغان، مەندە پۇل يوق دەپ قۇتۇلاي دېگەنىدىم، دېدى. ماقۇل دەپ ئەرز قىلغان قەغەزدىكى گەپنى يېزىپ بەرگەنىدىم. راستتىنلا قەرزىم بولسا، ئىسمىمنى يېزىپ ئىمزا قويۇپ بەرمەمتىم؟ بۇ پۈتۈنلەي تۆھمەت!» دەپ ئىزاھلىغان.

بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ بىر قارىسا راست، بىر قارىسا يالغان تۇيۇلغان بۇ ئىشنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ ھەقدار ئوتتۇرىغا قويغان پاكىتتا بىرقانچە خىل ئامىل كەمچىل: ئالايلۇق، ئادەم، سەۋەب، ۋاقىت، قانداق پۇل ئىكەنلىكى، كىمنىڭ پۇلى ئىكەنلىكى قاتارلىقلار ئېنىق ئەمەس. بۇنى ئېنىقلايدىغان يېتەرلىك ئاساسمۇ يوق، گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىمۇ پۈت تىرەپ تۇرۇشنىڭ ئاساسى بولالمايدۇ. بىرىنچى

سوت ئاخىرىدا يەنىلا ئەرزنى رەت قىلىپ ھۆكۈم چىقارغان. ئىككىنچى سوتتا گۇۋاھچىلار ئېلىپ كېلىنگەن بولسىمۇ، قەرزدارنى قايىل قىلىدىغان يېتەرلىك پاكىت بولمىغانلىقتىن، ئەسلىدىكى ھۆكۈمنى كۈچكە ئىگە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ھەقدارنىڭ 20 مىڭ يۈەن پۇلى كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتكەن.

كونىلاردا: «كوزا كۇندە سۇنمايدۇ، كۈنىدە سۇنىدۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار. كىم بولسۇن، بىر ئادەم بىلەن ياخشى ئۆتتۇم دەپ، ئۇنىڭ بىلەن شۇ چاغدىكى، كۆز ئالدىدىكى قويۇق، سەممىي مۇناسىۋەتنى دەپ، پۇل ئېلىم - بېرىم قىلغاندا ئېغىزدىكى ھورغا ئىشىنىش كېيىنكى كۈنلەردە پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ روھىي ھالىتى، ھەرىكىتى ۋە مۇناسىۋىتى مەڭگۈ بىر خىل ۋە مەڭگۈ ياخشى بولۇپ كەتمەيدۇ. بىر مەزگىل ياخشى بولسىمۇ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ناچار بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئۆزگىرىش بايىقىدەك ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ - دە، ھېسسىياتقا بېرىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، قەرز ھۆججىتى ئالمىغان ئادەمنى ئوڭدا قويىدۇ. قەرزدار ھۆججەت - ئىسپات بەرمىگەن ئەھۋالدا ياكى بايىقىدەك ئۆلۈك ئىسپاتنى يېزىپ بەرگەندە، ھەقداردىن ئالغان پۇلنى سەممىي ئېتىراپ قىلىپ، ئادىمىيلىكنى نامايان قىلمىسا، بايىقىدەك خەت - ئىسپات، ھېلىقىدەك گۇۋاھچىلارمۇ قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

مۇشۇنداق ئىشلار ۋە مۇشۇنداق قەرز ھۆججىتى يېزىش نېمىشقا كۆپ تەكرارلىنىدۇ؟ بۇنىڭدىكى ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب: بىر قىسىم ئادەمنىڭ نادانلىقى، مەسئۇلىيەت قارىشىنىڭ تۆۋەنلىكى، بىپەرۋالىقى، ساۋاقنى قوبۇل قىلمىغانلىقى، قانۇن چۈشەنچىسىنىڭ يوقلۇقى قاتارلىقلار. يەنە بىرسى، ئايرىم ئادەملەرنىڭ ناچارلىقى، مەدەنىيەتسىزلىكى، ئاچ كۆز، سەممىيەتسىزلىكى قاتارلىقلاردىن بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر خىل ئەھۋال باركى، ھەقدارلار بىر

پارچە جەدۋەلنى كۆتۈرۈۋالغان بولىدۇ. ئۇنىڭدا نۇرغۇن نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىنىڭ ئىزناسى بار. بىراق ئىمزا قويغان ئادەم كىم، ئىگە بولغۇچى كىم؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب تاپقىلى بولمايدۇ. بۇنىسى ئېنىق ئەمەس، بۇنى پەقەت ھەقدارلا بىلىدۇ. بەزى جەدۋەللەرگە سانلا يېزىپ قويۇلغان، ئاخىرىغا ئىمزا قويۇلغان ياكى تامغا بېسىپ قويۇلغان. كونكرېت مەزمۇن، ئەسكەرتىش يېزىلمىغان، بۇنىڭدىن نېمىنى بىلگىلى بولىدۇ؟ بىر قارىسا ئادەم گاڭگىراپلا قالىدۇ. ھەقدار ئۇنى مەلۇم مىقداردىكى نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىق، ساتقانلىق، تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنىڭ ئىسپات - ھۆججىتى دەپ قارايدۇ، شۇنداق ئېتىراپ قىلىدۇ. بىراق ئىمزا قويغۇچى ئادەم ئۇنى ئېتىراپ قىلامدۇ - يوق؟ چۈنكى بەزى جەدۋەللەردە نەرسىلەرنىڭ ئىسمى، سانى يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىگە بولىدىغان ئادەمنىڭ ئىسمى، ئىمزاسى قويۇلمىغان بولىدۇ. بۇ يەردىكى گەپ قەرزدار ئۇنى ئېتىراپ قىلامدۇ - يوق؟ ئېتىراپ قىلمىسىلا، ئاشۇ جەدۋەلدىكى بارلىق نەرسە يوققا چىقىدۇ. بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەستايىدىل بولۇش، مەزمۇنلارنى تولۇق يېزىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بولۇپمۇ، بۇنداق جەدۋەللەرگە نەرسىلەرنى تىزىملىغان ۋە ئىسپات قىلغاندا، جەدۋەلنىڭ ئۈستى ياكى ئاستىغا ئېنىق بولغان سەۋەب - نەتىجىنى، مەزمۇنلارنى ئەسكەرتىپ قويۇش، ئىمزا قويۇش كېرەك. بۇنداق بولمايدىكەن، ئۇنداق ھۆججەت - ئىسپاتلار سوتتىمۇ، كىشىلەر ئارىسىدىمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ ياكى ئېنىقلاش، ھەل قىلىش قىيىن، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. مانا مۇشۇنداق ھۆججەت - ئىسپاتلار ئۆلۈك، مەزمۇنى، ئاساسى ئاجىز ھۆججەت بولۇپ قالىدۇ. بۇ بىزدىن بىر قاتار ماھارەت ۋە تەدبىرلەرنى ئۆگىنىپ، ھۆججەت - ئىسپات يازغاندا ئەستايىدىل بولۇپ، سەۋەنلىككە يول قويماسلىقىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

# ھۆججەت ۋە سان ـ سىپىرلارنىڭ بىردەكلىكى

ئادەملەرنىڭ ئادەت خاراكتېرلىك ئاجىزلىقلىرى، سەۋىيەسىنىڭ ئېگىز ـ پەس بولۇشى، ھۆججەت ـ ئىسپاتلارغا سەل قاراش خاھىشلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ھۆججەت ـ ئىسپات يازغاندا سان ـ سىپىرلارغا ئەھمىيەت بەرمەسلىكتەك بىر تەرەپلىمىلىكنى، شۇنىڭ بىلەن بەزىدە سان ـ سىپىرلارنىڭ بىردەك يېزىلماسلىق، بىرسى يېزىلىپ، بىرسى يېزىلماسلىقتەك كەمتۈكلۈكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ دېگەنلىك رەقەم بىلەن يېزىلغان بولسا، يېزىق ئارقىلىق يېزىلماسلىق، يېزىق ئارقىلىق يېزىلسا، رەقەم ـ سان ئارقىلىق يېزىلماسلىق دېگەنلىك بولۇپ، ھەر قانداق ئەھۋالدا ھۆججەت ـ ئىسپاتلاردا بۇنىڭدىن بىرسى كەم بولۇپ قالسا بولمايدۇ. قىسمەن ئەھۋالدا رەقەم ئارقىلىق ئىپادىلەش يېزىلماي، يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەش يېزىلىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ پەقەت بولمىغاندا سان ئارقىلىق ئىپادىلەشكە قارىغاندا ئىشەنچلىك دەرىجىسى بىرقەدەر كۈچلۈك بولىدۇ. ئەمما يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەشكە سەل قاراپ، رەقەم ـ سان ئارقىلىق ئىپادىلەپ قويۇشنىڭ خەتىرى بەك كۆپ، ئېغىر بولىدۇ. چۈنكى سان ـ رەقەم ئارقىلىق ئىپادىلەش ھەقدارغا يوچۇق ئېچىپ بېرەلەيدۇ، ھەقدارنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ قالسىلا، ئاشۇ رەقەمنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىغا سانلارغا ئوخشاش قىلىپ، مۇناسىپ سانلارنى قوشۇۋالسا، قەرزدار تېخىمۇ ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدۇ. مۇبادا قەرزداردا ئاشۇ خىل ھۆججەت ـ ئىسپاتنىڭ يەنە بىر نۇسخىسى

بولسا ياكى ھەقدارنىڭ قەرزدارغا قەرز قايتۇرغاندا يېزىپ بەرگەن ئىسپاتى بولسا، ئۇنىڭغىمۇ سانلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، مۇناسىپ سانلارنى ئوخشىتىپ كىرگۈزۈۋالسا، ئوخشاشلا قەرزدارغا زىيان سالىدۇ. بۇنى ئىسپاتلاش بىر قەدەر قىيىن بولىدۇ. زۆرۈرىيىتى كەلسە، ئۇنى مەخسۇس تېخنىكىلىك تەكشۈرتۇشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما بۇ ناھايىتى ئاۋارىچىلىك، بىمەنىلىك بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ مۇنداق ئىشنى قىلمايدىغانلىقىغا ھېچكىم ھۆددە قىلالمايدۇ.

بىرقانچە ئاي ئىلگىرى بىر دوستۇمنىڭ ھاۋالىسى بىلەن مۇنداق بىر ئىشتىن كېلىپ چىققان دەۋاغا ئارىلىشىپ قالدىم.

زىيانلانغۇچى بىر دېھقان بولۇپ، كەنت ئىگىدارچىلىقىدىكى 200 نەچچە مو يەرنى 20 يىللىق ھۆددە ئالغان. 2005 - يىلى كەنتكە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ھۆددە پۇلىدىن 25 مىڭ يۈەننى كەنت مالىيەسىگە تاپشۇرغان. كاسسىر ئادەتتىكى ئۇنىۋېرسال تالون يېزىپ بەرگەن. لېكىن ھەقدار پۇلنىڭ توغرا يېزىلغان - يېزىلمىغانلىقىغا دىققەت قىلمىغان. ھېسابات قىلغاندا، ھېلىقى پۇلى بىردىنلا 2500 يۈەن بولۇپ قالغان. ئەسلىدە بۇ پۇل تالونىغا رەقەم بىلەن 25000 يۈەن، يېزىق بىلەن 2500 يۈەن يېزىلغانىكەن. بۇ ئېغىر تالاش - تارتىش پەيدا بولغان، ھەقدار 25 مىڭ يۈەن دېسە، كاسسىر 2500 يۈەن دەپ تۇرۇۋالغان، ھېسابقا كاسسىرنىڭ دېگىنى بويىچە 2500 يۈەن ئۆتكەن، ھەقدارنىڭ دېگىنىدىن 22500 يۈەن كەم بولۇپ قالغان. بىرىنچى سوتمۇ 2500 يۈەننى بېكىتىپ ھۆكۈم چىقارغان، ئىككىنچى سوتمۇ رەقەم بىلەن يازغاننى ئاساس قىلىش ياكى يېزىق بىلەن يازغاننى ئاساس قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىشتا بىر قارارغا كېلەلمىگەن. مېنىڭ تەكلىپ بېرىشىم بىلەن كاسسىرنىڭ ھېساباتىنى تەكشۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھېساباتىدىن پۇلنىڭ ئىزناسى چىقمىدى. دېمەك، كاسسىر ئۆزىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، ھېساباتنى توغرىلىۋالغان. سوت مۇناسىپ

بەلگىلىمە ۋە ئېنىقلاش نەتىجىسىگە ئاساسەن بىرىنچى سوتنىڭ ھۆكۈمىنى كۈچكە ئىگە قىلدى. دېمەك، بىر - بىرىگە زىت بولغان تالون مەزمۇنى ھەقدارنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى.

بىز بۇ يەردە يەنە بىر مىسالنى تەقلىد قىلىپ باقايلى: مۇبادا ئاشۇ تالوندىكى رەقەم - سان 2500 يۈەن دەپ يېزىلىپ، يېزىق 25000 يۈەن بولۇپ قالسا، بۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ بۇمۇ كەسكىن تالاش - تارتىش پەيدا قىلماي قالمايدۇ. بۇ چاغدا كاسسىر بىز ساننى ئاساس قىلىمىز، يېزىقچە يېزىش پەقەت ئەسكەرتىپ قويۇش رولىنى ئوينايدۇ، شۇڭا ئۇنى ئېتىراپ قىلمايمەن، دېيىشى مۇمكىن. بۇنى داۋاملىق تەتقىق قىلغاندىمۇ يەنىلا يۇقىرىقىدەك نەتىجە چىقىشى مۇمكىن.

دېمەك، ئەسلىدە دېھقانىنىڭ 25000 يۈەن بەرگەنلىكى راست بولسىمۇ، جاۋابكار ئېتىراپ قىلماسلىق، مۇپەتتىش ئېنىقلىسا، ھېساباتتا كۆرۈلمەسلىك سەۋەبىدىن، ئۇنى ئىسپاتلايدىغان يېتەرلىك ئىسپات - ئاساس تېپىلمايدۇ - دە، ئاخىرىدا سەۋەنلىككە يول قويغان، بىخەستەلىك قىلغان كىشى زىيان تارتىدۇ.

ھۆججەت يېزىشتىكى بۇ خىل سەۋەنلىك كىشىلىك جەمئىيەتتە دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. زور كۆپ سانلىق كىشىلەر بۇ خىل سەۋەنلىكنى ئۆزئارا تۇزىتىپ، سەمىمىيىتى، دىيانىتىنى نامايان قىلىدۇ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئاچ كۆزلۈك بىلەن باشقىلارغا زىيان سېلىپ، ئۆزىنى بېيىتىدۇ. بۇنى تەھلىل قىلغاندا، ئادەملەرنىڭ مەنپەئەت ئالدىدا كۆزىنى قىزارتىپ يېنىۋېلىش، تېنىۋېلىش خاھىشىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى يوچۇق ئىزدەشتىكى ئاساسىي سەۋەبنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ شۇ ئادەملەرنىڭ باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى يەۋېلىش تۇيغۇسىنى ئۇلغايتىپ، نىيىتىنى يامان قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنداقلار دائىم باشقىلارغا ئورا كولاپ، ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىنى

ئېلىۋېلىشىنىڭ كويىدا بولۇپ، شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان «تەدبىر»لەرنى ئويلاپ تېپىپ، كۆز بويامچىلىق بىلەن باشقىلارنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. بۇنداق ئىشتا بوش تۇرغان، ھۆججەت ـ ئىسپاتنى بايىقىدەك چالا يازسىمۇ ماقۇل بولغان ئادەملەر ئوڭايلا قاپقانغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ھەقدارغا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك ئېلىپ كېلىدۇ. يەنى دەۋا ھەققى، دەۋا جەريانىدىكى باشقا چىقىملار ھەمدە ۋاقىت ئاۋارىچىلىكىنى پەيدا قىلىدۇ. نەتىجىسى ياخشى بولمىغان ئەھۋالدا، زىيانلانغۇچىدا يۈرەك ئاغرىقى، ۋىجدان ئازابى، ئۆچمەنلىك، ئىنتىقام ئېلىش ھېسسىياتى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بۇ بىر قاتار ئىشلار تېخىمۇ ئېغىرلاشسا، زىددىيەت كۈچىيىپ، جېدەل ـ ماجىرانىڭ كېلىپ چىقىشىنى، جىنايەت شەكىللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ـ دە، ئادەم ئۆلۈش، يارىلىنىش بولۇپ قالىدۇ. بۇنى نېمە دېگەن تۈزۈك؟ ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ. شۇ كىچىككىنە سەۋەنلىك، بىخەستەلىك بىراۋنى زىيانغا ئۇچراتسا، بىراۋنى قارا نىيەت قىلىپ قويىدۇ، بۇ زور پاجىئە بولۇپ، ئۇنىڭ جاراھىتى مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ. بىز بۇنىڭدىن كونىلارنىڭ «كېسەل مالغا تاقىلىدۇ، پۇل جانغا تاقىلىدۇ» دېگەنىنىڭ ئاساسسىز ئەمەسلىكىنى چۈشىنەلەيمىز.

بىز بۇ يەردە يەنە بىر ئىشنى تەكىتلەپ ئۆتىمىز: مەلۇم تاللا بازىرىنىڭ مال ساتقۇچىسى بىر قېتىملىق ھېساب ئۆتكۈزىدىغان چاغدا، ھېساباتى كەم چىقىپ، خوجايىنىغا ھۆججەت يېزىپ بەرگەن. ئۇ خوجايىن بىلەن تولىمۇ يېقىنلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ھۆججەتنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا يازغان ھەمدە ساننى رەقەم بىلەن يازغان بولسىمۇ، يېزىق بىلەن ئەسكەرتىپ قويمىغان. ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي، ئۇلار ئارىسىدا سۈركىلىش پەيدا بولۇپ، زىددىيەتلىشىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن خوجايىنىنىڭ نىيىتى بۇزۇلغان ھەمدە ھېلىقى ھۆججەتنىڭ يوچۇقىنى سېزىپ،

ئوخشاش قەلەم، ئوخشاش پوچېركا بىلەن 987 يۈەن دېگەن سانىنىڭ ئالدىغا «7» دىن بىرنى يېزىپ، ئۇنى 7987 يۈەن قىلىۋالغان. ئۆزگەرتىلگەن، قوشۇلغان سان پەقەت چانمايدىغان ھالەتتە بولغان. سوتتا ئۇلارنىڭ پوچېركىسى تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنى كونكرېت ئايرىغىلى بولماي، قەرزدار 7987 يۈەن تۆلەشكە ھۆكۈم چىقىرىلغان. ئۇ ئاشۇ كىچىككىنە سەۋەنلىكى، بىپەرۋالىقى ئۈچۈن 7000 يۈەن زىيان تارتقان. سوت پاكىتنى ئاساس، يەنى قەغەزدىكىنى ئاساس قىلىدىغان بولغانلىقتىن، زىيانلانغۇچىنى قوغداشقا ئامال قىلالمىغان.

قىسقىسى، بىز ئۆزىمىزگە پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى بار ھۆججەت ـ ئىسپاتلارغا كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلمايدىكەنمىز، ئۇ چاغدا ئويىنىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىمىز ھېس قىلمىغان زىيانغا ئۇچراشتىن خالىي بولالمايمىز. بۇ يەردە بىر نەرسىنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، بىزنىڭ نورغۇن ئادەملىرىمىز ئاغىنەم، كۆڭلۈم يېقىن، ئىشەنچلىك دەپ ئولتۇرۇپ، ھۆججەت ـ ئىسپات يازغاندا، بىپەرۋالىق قىلىدۇ. سان بىلەن يېزىقنىڭ بىردەك بولغان ـ بولمىغانلىقىغا قارىمايدۇ. بۇ ئۇلاردىكى زىيادە ئاجىزلىق، بىخۇدلۇق بولۇپ، ئۆزىنىڭ مۇشتى بىلەن ئۆزىنى سالىدىغان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا ھۆججەت ـ ئىسپات يازغاندا، چوقۇم سان ـ سىپىرلارنىڭ بىردەك بولۇشىغا، سان بىلەن يېزىقچە ئىپادىلەشنىڭ بىردەك بولۇشىغا، مەزمۇننىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش زۆرۈردۇر.

# ھۆججەت ئېلىش ۋە ھۆججەت يېزىپ بېرىش

كونىلاردا: «باشتا گەپ بولسا، ئاياغدا غىڭ قىلماپتۇ» دەيدىغان گەپ بار. بۇ دېگەنلىك باشتا دەيدىغان گەپنىڭ ھەممىسىنى دېيىشىپ ئىش قىلغاندا، ئىشنىڭ ئاخىرىدا گەپ چىقمايدۇ، باشتا دېيىشمەي ئىش قىلسا، چاتىقى چىقسا ياكى قوبۇل قىلغۇچى تەرەپنىڭ دىتىغا ياقمىسا، ئۇ چاغدا بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ ياكى سۈركىلىش كېلىپ چىقىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشتا بىز دائىم دېگۈدەك مۇشۇنداق ئىشقا يولۇقۇپ تۇرىمىز. بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ئېلىم - بېرىم، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىكى بىر قاتار ئىشلارنى قىلىش، قىلدۇرۇش جەريانىدا ھامان بەزى ئۇقۇشماسلىق، تاسادىپىيلىق ۋە كېلىشىپ ئىش قىلماسلىق، كېلىشىپ ئىش قىلغاندىمۇ مەسىلە كۆرۈلسە، ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، دەسلەپتە پۈتۈشكەن بويىچە بولماسلىق ئەھۋاللىرىنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. بولۇپمۇ بىز كىشىلىك ئېلىم - بېرىمدىكى ھۆججەت - ئىسپات مۇناسىۋىتىدە بۇ خىل ئەھۋالنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. بىز بۇ ئىشتا ئىككى ئىشنى قىلىشىمىز كېرەك. بىرسى توختام تۈزۈپ، قول قويۇش ئارقىلىق شۇ ئىشنى يۈرگۈزۈش؛ يەنە بىرسى، ھۆججەت - ئىسپات ئېلىپ، شۇ ئىشقا ئاساس سېلىش كېرەك. ئېلىم - بېرىم مۇناسىۋىتىدىكى ئالغاندا ھۆججەت يېزىپ بېرىش، بەرگەندە ئىسپات يېزىپ بېرىشىمۇ باشتىكى گەپكە ئوخشاپ كېتىدۇ. بىراق بۇنىڭ گەپكە قارىغاندا ۋەزنى ئېغىر، قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ.

شۇنداق، كىم ئۆلۈپ كەتمەيمەن، مەن مەڭگۈ بىر خىل

تۇرمەن دېيەلەيدۇ؟ كىم ساغلاملىقى، بىخەتەرلىكى ۋە مەڭگۈ باي تۇرالايدىغانلىقىغا كاپالەت بېرەلەيدۇ؟ مانا بۇ بىزدىن ھەممە ئىشتا ئەستايىدىل، پۇختا، جانلىق، ئەمەلىي بولۇپ، ھەر بىر ئىشقا ئاساس تۇرغۇزۇپ مېڭىشنى ئەسكەرتىدۇ. بولۇپمۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىم - بېرىم، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە چوقۇم ئىسپات - ئاساس تۇرغۇزۇش كېرەك.

بىزدە ئېلىشقا ھېرىسمەن، يېزىشقا قېرىق بولۇش، ئالغاندىمۇ، بەرگەندىمۇ ئاساس قالدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك خاھىشى ئىنتايىن ئېغىر. بۇنىڭ ماھىيەتتە نۇرغۇن زىيانلىرى بار. ئەسلىدە، بەرگەندىمۇ، ئالغاندىمۇ ھۆججەت - ئىسپات يېزىپ بېرىش بىر خىل ئەقەللىي ساۋات بولسىمۇ، بايىقىدەك سەۋەب تۈپەيلىدىن بۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش تولىمۇ قىيىن. شۇڭا ئۇنىڭ پايدىسىز تەرەپلىرى، ئاۋارىچىلىكلىرى شۇنچىلىك كۆپ بولىدۇ.

بىر قېتىم بىر دوستۇم مەندىن بىرنەچچە مىڭ يۈەن پۇلنى ئالدى ۋە گەپ قىلمايلا ھۆججەت يېزىپ بەردى. مەن:

— بۇنچىلىك قىلىپ كەتمىسەكمۇ بولىدىغۇ؟ — دېۋىدىم، ئۇ:

— بۇنچىلىك قىلمىساق، بۇ پۇلنى ئالمىساق بولىدۇ شۇ؟! — دېدى.

— قانداق دەيسىز؟

— باشقىسىنى قويۇپ تۇراي، سىز كېيىن بىردىنلا مەندە مۇشۇنچىلىك پۇل ئەمەس، نۇرغۇن پۇلۇم بار دېسىڭىز، ئۇ چاغدا مەن قانداق جاۋاب بېرىمەن؟ بۇنداقمۇ بولماس دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇ كىشىلىك جەمئىيەت، شۇنداق بولۇپ قالىدىغان ئىمكانىيەتنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتسەك بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مەن بىر كۈنلەر كەلگەندە، سەن ماڭا پۇل بەرمىگەن، ئاساسىڭ بارمۇ؟ دېسەم، ئۇ چاغدا ماڭا پۇل بەرگەننى قانداق ئىسپاتلايسىز؟ بۇ ئىشلار مانا شۇنچىلىك! ھېچ نەرسە يوق تۇرۇپ، بىر - بىرىمىزگە ئۇسۇشسەك، ئۇ چاغدا نىمە ھەل بولىدۇ. شۇڭا ئالدىم - بەردىمدە ئاساس قىلىپ قويۇش ھەممە تەرەپكە

پايدىلىق، بىز ئۆلسەكمۇ، ئاشۇ ئاساسىمىز ئۆلمەيدۇ ـ دە!؟

بۇ ئادەمنى سۆيۈندۈردىغان روھ، ئۇ ئادەمنى ھەقىقەتەن نۇرغۇن قىيىنچىلىق، ئاۋارىچىلىكتىن ساقلاپ قالىدۇ.

بىرقانچە كۈننىڭ ئالدىدا بىر ھەقدار مەندىن ئېلىشىنى ئالغاندا، مەن يېزىپ بەرگەن خىش يۆتكەش ھۆججەت ـ ئىسپاتلىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ پۇل ئالدى. ئاندىن پۇل تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ئىسپاتى يېزىپ بەردى. مەن ئەتەي:

ــ مەن سىزدىكى ھۆججەت ـ ئىسپاتلىرىمنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، پۇل ئالغانلىق ئىسپاتىنى يازمىسىڭىزمۇ بولىدىغۇ؟ ــ دېۋىدىم، ئۇ:

ــ بۇنىڭ پايدىسى كۆپ، مەيلى سىز مەندىكى ھۆججەتلىرىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ. يەنە مەن سىزگە پۇل تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ئاساسىنى يېزىپ بەرمىسەم بولمايدۇ، كېيىنكى كۈنلەردە مەن تاسادىپىي ھالدا پۇلۇمنى بەر دەپ كىرسەم ۋە ياكى سىز بەرگەن ھۆججەتنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، پۇل بەر دېسەم، سىز مەن يېزىپ بەرگەن مۇشۇ ھۆججەتنى چىقارسىڭىزلا، مەن مات بولىمەن. بولمىسىچۇ؟ سىز نېمە دېيەلەيسىز؟ بېرىپ بولدۇم دېسىڭىز ئۇنىڭغا كىم، نېمە كاپالەت ـ گۇۋاھ بولىدۇ؟ بۇ بىرسى، يەنە بىرسى، سىزنىڭ قۇرۇلۇشلىرىڭىزنىڭ ھېساباتىنى قىلىدىغان، تەكشۈرىدىغان، مۇپەتتىش قىلىدىغان ۋە باھالايدىغان ئىش بولۇپ قالسا، مەن يېزىپ بەرگەن ئىسپات مۇھىم ئاساس بولىدۇ، قانداق دېدىم؟

ــ چىن يۈرەكتىكى گەپنى قىلدىڭىز، مەن ھەممە ئادەمنىڭ مۇشۇنداق تۇيغۇدا بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن.

بۇ ئارزۇلا بولۇپ قالماسلىقى، بەلكى رېئاللىق بولۇپ شەكىللىنىشى كېرەك. چۈنكى ھۆججەت ـ ئىسپاتنى ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ قوبۇل قىلىشى، ئېتىراپ قىلىشى، قوللىشى كېرەك. بىزدىكى قاششاقلىق تۈپەيلىدىن، قەرزدار يېزىپ بېرىش، ھەقدار

يېزىپ بەرمەسلىك، مەجبۇرلىسا يېزىش، مەجبۇرلىمىسا يېزىپ بەرمەسلىك مەۋجۇت. بۇنىڭ زىيىنى كۆپ بولىدۇ.

بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا بىزدە ئەڭ ياخشى روھىي ھالەت، كەيپىيات، ساپ، سەمىمىي نىيەت بولۇشى كېرەك. بىز مەيلى باشقىلاردىن پۇل ئالايلى، نەرسە ئالايلى ياكى باشقىلارنىڭ پۇلىنى، مېلىنى ئالايلى، ساقلاپ بېرەيلى ياكى ۋاكالىتەن ئېلىپ قويايلى، چوقۇم قىزغىنلىق، سەمىمىيلىك بىلەن ھۆججەت - ئىسپات يېزىپ بېرىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمە پايدىسى، ئارتۇقچىلىقى بار. ئۇ بىزنى نۇرغۇن زىيانلاردىن، يەنى بىز ھېس قىلمىغان زىيانلاردىن ساقلايدۇ. مەسىلەن: قارشى تەرەپ بىزدىن رازى بولىدۇ، كىمدۇر بىر كىملەر بىزنىڭ ھۆججەت - ئىسپات يازماسلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ بىزنى خەۋپكە ئىتتىرىدىغان ئىشنى قىلالمايدۇ. بىز ئۆزىمىزمۇ خاتىرجەم ھەم مەردانە تۇرالايمىز. خەۋپسىرەشتىن قۇتۇلۇپ قالىمىز. شۇڭا ئۇنى ھەقدار قوشۇلمىسىمۇ زورلاپ يېزىپ بېرىشىمىز كېرەك؛ ئىككىنچى بىرسى، بىز ئەسلىي ھۆججەت - ئىسپاتتىكى پۇل، مال - مۈلۈكنى كىمدىن تاپشۇرۇپ ئالغان بولساق، شۇنىڭغا يەنە تاپشۇرۇپ ئالغانلىقى ئىسپاتى يېزىپ بېرىشىمىز، بالانس بولغان - بولمىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويۇشىمىز كېرەك. چۈنكى ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسى ئىلغار بولغانلىقتىن، بەزى ھۆججەت - ئىسپاتلارنىڭ ئەسلىدىكىسىنى يەنىلا خۇددى يەنە شۇ ئەسلىدىكىدەك قىلىپ كۆپەيتەلەيدۇ. ھەقدار قەرزداردىن قەرزنى قايتۇرۇۋالغاندا ئىسپات يېزىپ بېرىشى، قەرزدارمۇ قەرز قايتۇرغانلىق ئىسپاتىنى ساقلاپ قويۇشى كېرەك.

# توختام بىلەن ھۆججەتنىڭ مۇناسىۋىتى

بىز ئالدىنقى بايانلىرىمىزدا ھۆججەت بىلەن توختامنىڭ مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق ئازغىنە توختالدۇق. بۇ يەردە بىز ئەمدى توختام دېگەن زادى نېمە، ئۇنىڭ ھۆججەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى زادى قانداق؟ دېگەن مەزمۇن ھەققىدە توختىلىمىز.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، توختام بىر خىل ئىشنىڭ قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان قېلىپى، رىئايە قىلىدىغان پىرىنسىپى بولۇپ، ئۇ خاسلىقى بىلەن ھۆججەتتىن تۈپتىن پەرق قىلىپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ھۆججەتكە بېقىنمايدۇ. ئەمما ھۆججەتنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى، ئىجرا قىلىنىشى، تاماملىنىشى، كۈچكە ئىگە بولۇشى ھەمدە ھەق ـ ناھەقنىڭ ئايرىلىشى، ھەقدار بىلەن قەرزدار ھوقۇقىنىڭ قوغدىلىشى ئۈچۈن كۈچلۈك ئەمەلىي ئاساس بولۇش رولىنى ئوينايدۇ. قەرز ماجىرالىرىدا توختامنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، قەرزدىكى ھەربىر ئىشنى توختام ماددىلىرىغا، يەنى شۇ قەرزنى ئېلىشتىن ئاۋۋال تۈزگەن شۇ قەرزدارلىق ھۆججىتىگە بىۋاستە چېتىشلىق ياكى شۇ قەرز ھۆججىتىگە بىۋاستە تۈزۈلگەن توختام ماددىلىرىغا تەتبىقلىسىلا، مەسىلىنى مۇرەسسەسىز بىر تەرەپ قىلغىلى، ھۆكۈم، كېسىم چىقارغىلى، ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ.

ئىقتىسادىي توختام قانۇنى توختام تۈزۈشكەنلەرنىڭ ھوقۇق، مەنپەئەتىنى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرتىپىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ قانۇن تەڭ، باراۋەر بولغان ھەق تەلەپ ئوبيېكتلىرى، ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر،

ھۆددىگەرلەر، ھەقدارلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇئەييەن ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش، قوغداشنى نىشان قىلىدۇ. ئۇ تۈزۈلگەن ھامان قانۇنىي چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، ھەر قانداق ئادەم ۋە ئورۇننىڭ ئۆزگەرتىشىگە، تېگىشىشىغا، ئەمەلدىن قالدۇرۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. توختام تۈزگەندە، چوقۇم باراۋەر بولۇش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، كېڭىشىپ بىرلىككە كېلىش، توختامدا كېلىشكەن مەجبۇرىيەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىش، ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتمەسلىك، ئالاھىدە ئەھۋالدا ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلسە، ئەسلىدىكى توختامنى يېتەكچى قىلىپ قوشۇمچە توختام تۈزۈش كېرەك. توختامدا سان، سۈپەت، مال پۇلى ياكى ھەق، ئادا قىلىش مۆھلىتى ۋە ئورنى، ئۇسۇلى، توختامغا خىلاپلىق قىلىش جاۋابكارلىقى قاتارلىق مۇھىم مەزمۇنلار تولۇق يېزىلىشى كېرەك.

توختامنىڭ مۇشۇنداق بىر قاتار مۇكەممەللىكى ئۇنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇپ تەرەپلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. لېكىن، توختام شۇ قەدەر مۇكەممەل تۈزۈلسىمۇ، بەزىدە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماسلىق، سەل قاراش خاھىشلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمەل قىلمىغان تەرەپ چوقۇم زىيان تارتماي قالمايدۇ. مانا بۇ توختامنىڭ پايدىلىق، تەڭداشسىز تەرىپى. شۇنىڭ ئۈچۈن توختام تۈزۈپ ئىش قىلىش، توختام تۈزۈپ ئىشقا كىرىش، توختام تۈزۈپ قەرز مۇئامىلىسى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش ياۋروپا قاتارلىق تەرەققىي قىلغان ئەللەردە كەڭ ئومۇملاشقان، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى دائىرىسى ئەنئەنىۋى ئادەتلەرگە قەدەر سىڭىپ كىردى. مەسىلەن: بەزى دۆلەتلەردە قىز - ئوغۇللار توي قىلماقچى بولسا، توختام تۈزۈش، توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن توختام تۈزۈش ئىشلىرى ئەۋج ئالدى، چۈنكى تويدىن ئاۋۋال توختام تۈزسە، ئېنىقكى، توي جەريانىدىكى بارلىق

ئىشلار ئۇتتۇرىغا قويۇلۇپ، توي ئاخىرلاشقۇچە توختامدىكى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىلىپ، مەسىلە كۆرۈلۈشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. بىر - بىرىنى نازارەت قىلىش ئىشقا ئاشىدۇ. تويلۇق نەرسىلەرنىڭ ئارتۇق - كەم ئېلىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ. تويدىن كېيىن توختام تۈزۈشتىمۇ بىر ئائىلىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ مەجبۇرىيەت، مەسئۇلىيەتلىرى ئېنىق ئايرىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئەر خوتۇننىنى، خوتۇن ئەرنى زىيان تارتقۇزۇش، ئوڭدا قويۇش هادىسىلىرى چەكلىنىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئائىلىنىڭ ئىقتىسادى چېچىلىپ كەتمەي، تەرەققىي قىلىشقا پايدىلىق بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل تولىمۇ ئۈنۈملۈك بولغانلىقتىن، ياۋروپادا بۇنداق قىلىش ناهايىتى ئومۇملاشقان، ئەمما بىزدە بۇ خىل ئىش بىمەنىلىك دەپ قارىلىدۇ، شۇنداق گەپنىڭ ئۆزى چىقىپ قالسىمۇ، نەپرەت ئوقلىرى ياغىدۇ. نەتىجىدە، بىر ئائىلىدىكى ئەر بىلەن خوتۇننىڭ جېدىلى تۈگىمەيدۇ، ھەتتا، پۇل، مال - مۈلۈك، مەنپەئەت، ئۇستۇنلۇك تالاش - تارتىش تۈپەيلىدىن بالىلار يېتىم بولىدۇ، ئائىلە خاراب بولىدۇ. ئەگەر بىزدىمۇ توي قىلىشتىن ئاۋۋال توي قىلىش توختامى، توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەر - خوتۇنلۇق ۋە ئائىلە ئىشلىرى توختامى تۈزۈلسە، ئائىلىنىڭ ھەر تەرەپلىرىگە چېتىلىدىغان ئىشلار توختامدىكى مەزمۇننى ئاساس قىلغان هالدا ئېلىپ بېرىلسا، توختام ئارقىلىق ئائىلە باشقۇرۇش ئىشقا ئاشسا، نۇرغۇن باي، ئىناق، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان، ئىنسانىيەت ئۇچۇن مول تۆھپە قوشالايدىغان ئائىلىلەر بارلىققا كەلگەن بولاتتى. بۇ مۇمكىنچىلىكتىن يىراق ئىش ئەمەس ئىدى. بىزدە قاچانمۇ مۇشۇنداق مۇھىت يارىتىلار - هە؟!

نۆۋەتتە توختامنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ناهايىتى كەڭ بولۇۋاتىدۇ. چۈنكى ئىنسانىيەت ئىلمىيلاشقان، ئۇچۇرلاشقان بۈگۈنكى دەۋردە ئۆزىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ئاشۇ خىل ئىلغار

قېلىپقا سېلىپ، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىپ، توغرا، ساغلام بولغان تۇرمۇش يولىغا سېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھالەت شەكىللەندى. بۇ ھەممە ئادەمنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا، ئۆزىنى قانۇن ئارقىلىق قوغداشتا كەم بولسا بولمايدىغان تەدبىر. ئەلۋەتتە. قەرز ئېلىم - بېرىمدا توختام تۈزۈش، بولۇپمۇ ئەل ئارا قەرز ئېلىم - بېرىمدا توختام تۈزۈش ئانچە - مۇنچە بولۇۋاتقان بولسىمۇ، يېتەرلىك ئەمەس، پەقەت ھازىر بانكىلاردا ناھايىتى ئومۇملاشتى ۋە ئۇنىڭ كۈچى بىلەن قەرز خېيىم - خەتىرى ئومۇمىيۈزلۈك تۈگەشتەك ياخشى ئايلىنىشنى بارلىققا كەلتۈرۈۋاتىدۇ. ئەل ئىچىدىكى قەرز ئېلىم - بېرىمدا توختامنى ئومۇملاشتۇرۇش، يۈرگۈزۈش ۋە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش نۆۋەتتىكى ناھايىتى مۇھىم ئىش بولۇۋاتىدۇ. توختام تۈزۈش ۋە توختام بويىچە ئىش قىلىش يېتەرسىز بولغانلىقتىن، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ نۇرغۇن ھەقدارلىرىمىزنىڭ پۇل، مال - مۈلكى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچراپ، ئىقتىسادى ئېغىر ۋەيرانچىلىق پاتقىقىغا پېتىپ قېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلاردا توختام تۈزۈپ ئىش قىلىش، توختام تۈزۈپ قەرز بېرىش ئىشقا ئاشقان بولسا، ئۇ چاغدا ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ جەمئىيەتكە قوشىدىغان تۆھپىسىمۇ چوڭ، ئۈنۈملۈك بولاتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىر قىسىم كىشىلەر، بولۇپمۇ ئىلمىي تىجارەت قىلىدىغان، ئىلمىي ھېسابات قىلىدىغان، ئىلمىي ھېسابات يۈرگۈزىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر توختام ئارقىلىق قەرز ئېلىم - بېرىمى قىلىش، توختام تۈزۈپ ئىش قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، توختام ھەققىدىكى ساۋاتى، چۈشەنچىسى كەمچىل بولۇش، توختام بىلەن قىلىدىغان ئىشنىڭ بىردەكلىكى بولماسلىق، توختام بىلەن ئىجرا قىلىنىدىغان ئىشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرا بىر تەرەپ قىلىنماسلىق

ياكى توختامدا پۇتۇشكەن تۇر، مەزمۇنلار مۇۋاپىق بولماسلىق ياكى توختامنى بەك نەزەرگە ئىلماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىلىم - بېرىمدا زىيان تارتىش، قويۇلۇپ كېتىش ھادىسىلىرى ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە توختام بىلەن ھۆججەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى پەرق قىلماسلىق، بىلمەسلىك سەۋەبىدىن ئوخشاشمىغان ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىدى.

1998- يىلى مەلۇم ناھىيەدىكى ئالدىن باي بولغان بىر دېھقان باشقا ناھىيەگە بېرىپ، 350 مىڭ يۈەنلىك مېۋىلىك كۆچەت يېتىشتۈرۈپ بېرىش توختامىنى تۈزگەن ھەمدە 50 مىڭ يۈەن زاكالەت پۇلى ئالغان. يەر بىلەن سۇنى قارشى تەرەپ بەرگەن. توختامدا پۇتۇشكەن كۆچەتنى ياندۇرقى يىلى ئەتىيازدا قارشى تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، كۆچەت ئەسلىدىكىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق بولغان. قارشى تەرەپ كۆچەتنى ساناپ ئۆتكۈزۈۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىسپات - ھۆججەت يېزىپ بەرمەي، توختامدا پۇتۇشكەن بويىچە ھېسابات قىلىمىز، دېگەن. ھېلىقى دېھقان قولۇمدا توختام بولغاندىن كېيىن، ھۆججەت ئېلىشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارىغان. كېيىن، ھېسابات قىلىدىغان چاغدا، قارشى تەرەپ ماڭا بەرگەن كۆچەتنىڭ 50 مىڭ يۈەنگە ياردى، سەن توختامغا خىلاپلىق قىلدىڭ، توختامدا پۇتۇشكىنىمىز بويىچە توختامغا خىلاپلىق قىلىش پۇلى تۆلەپ بېرىسەن، دەپ تۇرۇۋالغان. ئارتۇق بەرگەن كۆچەت ھەم توختامدا پۇتۇشكەن كۆچەتنىڭ ئومۇمىي سانىغا تىنىۋالغان. ھېلىقى دېھقان قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن، قايتا ھۆججەت - ئىسپاتنى سۈيلەپ بىرمۇ ئادەمدىن ئالالمىغان، ئۆزى ئۆستۈرگەن كۆچەتلەرنى سالغان جايدىن تاپقان بولسىمۇ، تېنىۋالغان كىشى بۇ كۆچەتلەرنى باشقا جايدىن ئېلىپ كەلگەن دەپ تۇرۇۋالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دېھقان ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالماي، سوتقا ئەرز قىلغان، سوتمۇ ئۇنىڭ توختامىنى كۈچكە ئىگە، قانۇنلۇق بولغان،

بىراق توختامدا پۈتۈشكەن كۆچەتنى قارشى تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىك ھەققىدە دەلىل ـ ئىسپات يوق دەپ قاراپ، قارشى تەرەپنىڭ 50 مىڭ يۈەنلىك كۆچەت بەردى دېگەن قارىشىنى ئىسپات قىلىپ ھۆكۈم چىقارغان. نەتىجىدە ھېلىقى دېھقان 50 مىڭ يۈەننى ئالغان بولۇپ كېتىپ قالغان. ئۇنىڭ ئەرزى 10 يىلدىمۇ ئاقماي، ئاخىر زېرىكىپ تاشلاپ قويغان. بۇنداق ئىشلار تەكرار يۈز بەردى. نۆۋەتتە نۇرغۇن كىشىلەردە توختام بىلەن ھۆججەتنى بىر ئىش دەپ قاراپ قالىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. 2000 ـ يىلىدىن بۇيان مەن مۇشۇ خىل دېلولاردىن بىر قانچىسىغا ئارىلىشىپ قالدىم. بەزىلەرنىڭ تارتقان زىيانلىرىغا ئادەمنىڭ بەكمۇ ئىچى سىيرىلىدۇ. بەزىلىرىگە قاتتىق غەزىپى قوزغىلىدۇ.

بۇ يەردە بىز توختام بىلەن ھۆججەت ـ ئىسپاتنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەش زۆرۈر دەپ قارايمىز.

توختام بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، بىر ئىشنىڭ يۈرگۈزۈلۈش تەرتىپى، شۇنداقلا قېلىپى بولۇپ، ئۇنىڭ كۈچى شۇ ئىشنى قانۇن ئىزىغا سېلىپ، قانۇن بويىچە قوغداشتا كۆرۈلىدۇ. ھۆججەت ـ ئىسپات بولسا، توختامدا ئادا بولغان ۋە تاماملىنىپ بولغان ئىشلارغا قارىتا راست ـ يالغانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدىغان مەۋجۇت ئىش، ھەرىكەت، نەرسىنىڭ ۋاستىلىك ئاساسى بولۇپ، توختامنىڭ كاپالىتىگە ئاساس سېلىپ بېرىدىغان جەريانىنىڭ يەكۈنى. توختام تۈزۈپ، ئىش قىلغاندا، توختامدىكى ئىشنىڭ تاماملىنىش ئەھۋالىنى ئىسپاتلايدىغان ھۆججەت ـ ئىسپاتنى ئېلىش كېرەك. ھۆججەت ـ ئىسپات توختامنىڭ يۈرگۈزۈلگەن ـ يۈرگۈزۈلمىگەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. توختامدىكى ئىشنى تاماملاپ بولۇپمۇ ھۆججەت ـ ئىسپاتنى ئالمىغاندا، ئېنىقكى، بايىقى دېھقان ئۇچرىغان ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىغا يول ھازىرلاپ بېرىلگەن بولىدۇ. توختامدىكى ئىشنى قىلىپ

ھۆججەت ـ ئىسپات ئالغاندا ياكى ھەر ئىككى تەرەپ شۇ ئىشنى ئېتىراپ قىلغاندىلا، ئاندىن توختامنىڭ ئىجراسى كاپالەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ.

دېمەك، بۇ يەردىكى توختام يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك قانۇنىي كۈچكە ئىگە ئۆلچەم؛ ھۆججەت ـ ئىسپات ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ تاماملىنىش نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككىسى ئايرىم ـ ئايرىم مەزمۇن، ئۇقۇم ۋە شەكىلگە ئىگە بولۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىنى بېسىش رولى ئانچە چوڭ بولمايدۇ. چۈنكى توختام ھۆججەت ـ ئىسپاتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ ۋە ھۆججەت ـ ئىسپاتنى قوغدايدۇ. شۇڭا توختام تۈزگەن ئىكەنمىز، ئىجرا قىلىشىمىز، ئىجرا قىلغان ئىكەنمىز، ھۆججەت ـ ئىسپات ئېلىشىمىز كېرەك. چۈنكى قانۇندا پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش پىرىنسىپى يۈرگۈزۈلىدۇ. توختام ماھىيەتلىك نەرسە بولۇپ، ئۇمۇ پاكىتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى، قىممىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ. جەمئىيەتتىكى قىزىل كۆز كىشىلەر باشقىلارنىڭ قانۇننى تولۇق بىلمەسلىكى ياكى قانۇن بىلەن مۇشۇ خىل ئىشلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى نازۇكلۇقنى بىلمەسلىكىدەك ئاجىزلىقى، بىپەرۋالىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

# قەرز ھۆججىتىنى يازغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

قەرزدارلىق كۆپ تەرەپكە باغلىق بولىدۇ: قەرز بەرگۈچى، قەرز ئالغۇچى ۋە بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر؛ قەرز پۇلنى ئىشلىتىش ئورنى، قايتۇرۇش ئۇسۇلى، ۋاسىتىسى دېگەندەك بىر قاتار تەرەپلەرگە چېتىلىپ قالىدۇ. بىراق قەرزنىڭ بىز ئويلىغاندەك نەتىجە بېرىشى، بىخەتەرلىكى بولمايدۇ. قەرز پۇلنىڭ ئەسلىگە كېلىشى تىنچ، پۈتۈشكەن ئۇسۇل، ۋاقىت بويىچە بولۇشى ناتايىن. مۇبادا ئۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىسا، ئۇ ھالدا دەۋا - دەستۇر شەكىللىنىپ، ئاۋارىچىلىكنىڭ پەلتىسىغا ئوت يېقىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى يەنە سۈيلەشكە، تولۇقلاشقا، قايتۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇناسىپ ئۇسۇل - چارە تېپىپ، قەرز پۇلنىڭ خېيىم - خەتىرىنى ئازايتىپ، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش يولىغا سېلىش زۆرۈر بولىدۇ. بۇ نىشانىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەرز بەرگۈچى، ھەقدار قەرز بېرىشتىن ئاۋۋال تەكشۈرۈش، تەتقىقلاش ۋە قەرز ئالغۇچىنىڭ قايسى خىل ئادەملىكى، قايسى خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، قەرز مۇئامىلىسىگە قانداق پوزىتسىيەدە بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشى كېرەك. قەرز ئالغۇچىلار مەخسۇس تۈردىكى مەبلەغ سېلىش، سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بايلىق توپلاش، تەرەققىي قىلىش مۇددىئاسىغا يېتىشنى كۆزلەش مەقسىتى بىلەن قەرز ئالسا، بۇ نورمال ھەرىكەت بولىدۇ. بىراق، قىزىل كۆزلۈك بىلەن باشقىلارغا زىيان سېلىش مەقسىتى بىلەن قەرز ئالسا، ئۇ چاغدا قەرز پۇلنى ئېلىشتىن تاكى قەرز

هۆججىتىنى يېزىشقىچە بولغان جەريانلاردا نەيرەڭۋازلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزىدە قەرز پۇللار نامەردلىك، نادانلىق، ناكەسلىك، مۇتتەھەملىكنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ - دە، قەرزدارنىڭ ھەر تەرەپلىمە سەۋەب كۆرسىتىشى بىلەن قايتۇرۇش چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ئىشقا قەرزدار تولا چاغلاردا، بىرىنچىدىن، باشقىلاردىن، باشقا ئىشتىن تارتقان زىيانلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ئالغان قەرزنى قايتۇرماسلىقنىڭ قازىنىنى ئاسىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، قەرزدار قەرز قايتۇرۇشتىكى مەلۇم بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ، قەرز پۇلنى قايتۇرۇشنى كەينىگە سۆرەپ سەۋەب كۆرسىتىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، باشقىلارنىڭ پۇل، مال - مۈلكىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشنى ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋالغانلىقىدەك خۇسۇسىيىتى تۈپەيلىدىن، ھەر خىل چارە - نەيرەڭ بىلەن ئارقىسىغا تارتىپ سەۋەب كۆرسىتىدۇ. مانا مۇشۇ بىر قاتار ئىشلارنى قىلىشتىن ئاۋۋال بۇ خىل كىشىلەر ھامان بالدۇرلا تەييارلىق قىلىۋالىدۇ. ۋاستە قوللىنىپ، قەرز بەرگۈچىنى ئۆزىنىڭ خىيالى، پىلانىنىڭ قۇربانى قىلىۋالىدۇ. بۇنىڭ كونكرېت سەۋەبىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، بىرىنچى، ھەقدار قەرزدارنىڭ ھۆججەت - ئىسپاتىنى يوقىتىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن؛ ئىككىنچى، قەرز ھۆججىتىنى ئۆلچەملىك يازمىغان بولۇشى مۇمكىن؛ ئۈچىنچى قەرز ھۆججىتىنىڭ مەزمۇنى، قاراتمىلىقى، ئۇقۇمى ئېنىق يېزىلمىغان بولۇشى مۇمكىن؛ تۆتىنچى، قەرز ھۆججىتىنى يازغان ئادەمنىڭ ئىملاسى خاتا بولۇشى، ھەتتا قوللانغان خەت شەكلى، ئىسىم - فامىلىسى ئەينەن بولمىغان بولۇشى مۇمكىن.

باشقىلارغا زىيان سېلىش مەقسىتى بىلەن قەرز ئالسا، ئۇ چاغدا قەرز پۇلنى ئېلىشتىن تاكى قەرز ھۆججىتىنى يازغانغا قەدەر پايدىلىنىش، زىيان سېلىش بوشلۇقىنى قالدۇرۇپ قويىدۇ. بۇنداق بولۇشتا ھەممە ئادەمنىڭ مەلۇم نىسبەتتە سەۋەنلىكى، يېتەرسىزلىكى بولىدۇ. بۇنى زىيان سالغۇچىلار ھېس قىلىدۇ - دە،

ئاشۇ نۇقتىنى تۇتۇپ، شۇ بويىچە نىشانلىق ھالدا زىيان سېلىشنىڭ ماددىي تەييارلىقىنى قىلىدۇ. ئاخىردا زىيان سالغۇچى زىيان سېلىش مەقسىتىگە يېتىدۇ. بۇ يەردە يەنە بىر تەرەپمۇ بار، بەزىلەر يېزىپ بەرگەن ھۆججەت ـ ئىسپاتلاردا مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، نۇرغۇن بوشلۇقنىڭ بارلىقى مەلۇم بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زىيان سېلىش، ئاشۇ بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ قارشى تەرەپنى ئوڭدا قويۇش كەيپىياتى شەكىللىنىپ، تېنىۋېلىش، يېنىۋېلىش ياكى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ، قارا يۈزلۈك قىلىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ھۆججەت ـ ئىسپاتلارنى قوبۇل قىلغاندا ياكى يازغاندا، بىرىنچىدىن دىققەت قىلماسلىق، ئىككىنچىدىن ھېسسىياتقا تايىنىش ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولىدۇ. ئەستايىدىللىق كەمچىل، نازارەت قىلىش يېتەرسىز بولىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ئاشۇ ھۆججەت ـ ئىسپاتقا دىققەت قىلغاندا، ئۇنىڭدا قاراتمىلىق كونكرېت بولماسلىق، مەزمۇن تولۇق بولماسلىق، ئۆزى بىلىدىغان يوشۇرۇن مەنە كۆپ بولۇپ، ئېنىقلىق تولۇق ئەكس ئەتمەسلىك قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ ساقلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ھۆججەت ـ ئىسپاتلارنىڭ يېنىۋېلىش، تېنىۋېلىشقا سەۋەب بولىدىغان بىرنەچچە ئىش بار: بىرى، بىر تەرەپ چوقۇم زىيان تارتقان بولسا، شۇ زىياننى تولۇقلاش ئۈچۈن، ئاشۇ خىل ھۆججەت ـ ئىسپاتنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، تېنىۋالىدۇ، يوق قىلىدۇ، ھەقدارلىق تەلەپ قىلىدۇ؛ ئىككىنچىسى، مۇناسىۋەت يىرىكلەشكەن، ئەينى چاغدىكى قويۇق مۇناسىۋەت بۇزۇلغان بولسا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ساپ، سەمىمىي ھېسسىياتنى تاپقىلى بولمايدۇ ـ دە، زىيان سېلىش خاھىشى پەيدا بولۇپ، ئاشۇ خىل ھۆججەت ـ ئىسپاتنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ زىيان سالىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، قارشى تەرەپتىن ئۆچىنى ئېلىش نىيىتى بىلەن ئاشۇ خىل ھۆججەت ـ ئىسپاتنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن

پايدىلىنىش، ئۈچ ئېلىش كويىغا چۈشىدۇ.

يېقىندا بىر ئىشقا يولۇقتۇم. مەلۇم كۆمۈر ساتقۇچى بىرى بىلەن كۆپ قېتىم كۆمۈر ئېلىم - سېتىمى قىلغان. بىرقانچە قېتىملىق كۆمۈر ئالغان پۇلغا 30 مىڭ يۈەن ئۈچۈن ئاق قەغەزگە ئىسپات يېزىپ بەرگەن. ئۇنىڭغا تامغىمۇ بېسىپ بەرمىگەن، بارماقمۇ باسمىغان، ئىسمىنىمۇ يېزىپ بەرمىگەن. ئۇلار ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئاشۇنداق قىلىپ كەلگەن. بىراق مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۇلار ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ، كۆمۈر ساتقۇچىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، 30 مىڭ يۈەن پۇلنى بەرمىگەن، دەپ تېنىۋالغان. ئۇلار سوتقا بارغاندا، 30 مىڭ يۈەن دەۋا تەلىپى رەت قىلىنغان. چۈنكى يازغان ئىسپات تولۇق بولمىغان، ئۇنىڭ كۆپ قېتىم كۆمۈر ئالىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئادەم چىققان بولسىمۇ، 30 مىڭ يۈەننى بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلاش مۇمكىن بولمىغان، جاۋابكار تەرەپ پەقەت ئېتىراپ قىلمىغان. ئۇنىڭغا بۇ سېنىڭ خېتىڭ تۇرسىمۇ تېنىۋالامسەن؟ دېگەندە، ئۇ مۇشۇنداق يېزىپ بەر دېگەنلىكى ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن. لېكىن، ئۇنىڭ مېنى زىيانغا ئۇچرىتىشىنى بىلمىگەن، مەن ئالغان بولسام ئىمزايىم، ئالغان ۋاقتىم يېزىلمامتى؟ ۋەھاكازا... دېگەن، ئاخىردا زىيان پۇلنى بەرگۈچىگە بولغان.

مەلۇم رېستورانغا ماددىي ئەشيا ساتىدىغان بىر ئادەم خوجايىن بىلەن ئۇزۇن يىللىق سودا مۇناسىۋىتى ئارقىلىق چىن دوستلاردىن بولۇپ قالغان. كۆپ پۇل تاپقان خوجايىن بىر يىلى قىمارغا بېرىلىپ كېتىپ، رېستورانى ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغاندا، ھېلىقى ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلىگۈچى ئۇنى قوتقۇزۇش ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەل تۆلىگەن، ھەتتا نۇرغۇن ماددىي نەرسىگە ھۆججەت - ئىسپات ئالمىغان. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىم - بېرىم سوزۇلۇپ، 50 مىڭ يۈەنگە بېرىپ قالغاندا، ھېسابات قىلغان، خوجايىن ئۇنىڭغا ئاق ھۆججەت يېزىپ بەرگەن. شۇ

ئارىلىقتا خوجايىن نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، بۇ مېنىڭ نۇرغۇن پايدامنى يېدى، مېنىڭ رېستورانىم ئۇنى باي قىلغان دەپ نىيىتى بۇزۇلغان. ناشايان ئىش - قىمار، زەھەر بىلەن شۇغۇللانغان ئادەملەر ئاخىردا ئاشۇنداق كۆڭلى قارا بولۇپ قالىدۇ - دە، نىيىتى بۇزۇلۇپ، باشقىلارغا زىيان سېلىشنىڭ يوچۇقىنى ئىزدەيدۇ، ئاۋارىچىلىك، سوروقچىلىق پەيدا قىلىدۇ. كېيىن ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلىگۈچى ئادەم 50 مىڭ يۈەن پۇلىنى ئېلىش ئۈچۈن سوتقا ئەرز قىلغان. ئەمەلىيەتتە دەۋاگەر ئۇتتۇرۇپ قويغان. جاۋابكار تېنىۋالغان، سوت ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە پوچېركىنى تەكشۈرتكەن. بىراق، جاۋابكار يازغان ھۆججەت ئۇنىڭ بولماستىن باشقىلارنىڭ بولۇپ چىققان، شۇنىڭ بىلەن دەۋاگەر سوتتا يېڭىلىپ قالغان. بۇ دەۋاگەرگە سىر بولۇپ قالغان. تەكشۈرۈشنى تەكرار قىلدۇرغان بولسىمۇ، نەتىجە چىقمىغان، ھەتتا تەكشۈرگۈچى پارا ئېلىپ شۇنداق چىقىرىپ بەرگەن ئوخشايدۇ دەپ زەردىگۆش بولغان. ئۇ پەقەت قايىل بولمىغان. دەۋاگەر ئىزچىل بۇ ئىشنى ئېنىقلاشنىڭ پېيىدە بولغان. ئاخىردا جاۋابكارنىڭ بىر خىللا پوچېركا قوللانماستىن، بىرنەچچە خىل پوچېركا قوللىنىدىغان ھۈنىرىنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. ئەسلىدە جاۋابكار خوجايىن ئوڭ قولىدىمۇ، سول قولىدىمۇ خەت يازالايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆرە تۇرسا بىر خىل، ئولتۇرسا بىر خىل، قەغەزنى بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە قويسا يەنە بىر خىل پوچېركىدا خەت يازىدىكەن. دەۋاگەر ئۇنىڭ ئاشۇ خىل خەت يېزىش ھۈنەرلىرىنى بىلىپ قالغاندىن كېيىن، سوتقا قايتا ئىلتىماس ئەرزى سۇنۇپ، پوچېركا تەكشۈرۈشنى كۆپ تەرەپلىمە ئۇسۇلدا قايتا ئىشلەپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە يېزىپ بەرگەن 50 مىڭ يۈەنلىك ھۆججىتىنىڭ سول قولدا يېزىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىپ، دەۋادا ئۇتۇپ، رېستوران خوجايىنىنى مات قىلغان.

مەلۇم بانكا ئىچكى ئۆلكىدىن كەلگەن بىر ئىشلەمچىگە 500

مىڭ يۈەن قەرز بەرگەن. قەرز پۇل سىياسەت خاراكتېرلىك بولۇپ، ھېلىقى ئىشلەمچى ئىچكىرىنىڭ ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، يېڭىچە تېرىقچىلىق قىلىپ، ئۈلگە كۆرسەتمەكچى بولغان. ئۇنىڭغا شۇ يەرلىك بىر ئادەم كېپىل بولغان. ھالبۇكى، ئىشلەمچى بىر ئايدىن كېيىنلا ھەممە نەرسىسىنى تاشلاپ كېتىپ قالغان. بانكا قەرز پۇلنىڭ ئىشلىتىش ئورنىنى تەكشۈرۈپ بېرىپ، ئىشنىڭ يامانلىقىنى بىلگەن ھەمدە ھېلىقى ئىشلەمچىنىڭ بانكا ھېسابىنى تەكشۈرۈپ پۇل يوقلۇقىنى بىلگەن ھەمدە كېپىل بولغۇچىنى تېپىپ، پۇلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئۇ رەت قىلغان. بانكا سوتقا ئەرز قىلىپ، كېپىل بولغۇچىنىڭ تۆلەپ قايتۇرۇشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قەرز توختام ماجىراسىنى پەيدا قىلغان. سوتتا بانكا ئۇتتۇرۇپ قويغان. سەۋەبى، كېپىل بولغۇچى كېپىللىك ھۆججىتىگە كىملىكىدىكى خەتنى يازماستىن، باشقا بىر خىل خەتنى يېزىپ قويغان. بۇنىڭغا ئەينى چاغدا بانكا خادىملىرى دىققەت قىلمىغان، تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇشتا بىخەستەلىك قىلغان. سوتتا دەۋالاشقاندا، كېپىل بولغۇچى دەل مۇشۇ ئاجىزلىقنى تۇتۇپ، كېپىللىككە يازغان ئىسمىدىكى خەت مەن قوللىنىدىغان، قانۇنلۇق ئىسىم - فامىلە خېتى ئەمەس. شۇ خەت كىمنىڭ ئىسمىدا قوللىنىلىدىغان بولسا، شۇنىڭ يېنىغا بېرىڭلار دېگەن. ئېنىقلاشتىن مەلۇم بولغانكى، كېپىل بولغۇچى ئاشۇ خىل يوچۇقتىن پايدىلىنىپ، ھېلىقى ئىشلەمچىنىڭ قەرزدارلىقىنى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ قەرزدارلىقىنى يوققا چىقىرىپ، بىكار قىلغان. باشقىلارنىڭ ئىسپاتلىشىغا قارىغاندا، كېپىل بولغۇچى كىشى ئەزەلدىنلا نەيرەڭۋاز، سۇيىقەستچى كىشى بولۇپ، يوچۇقتىن پايدىلىنىشقا ئۇستا ھۇنىرى بار ئىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ 500 مىڭ يۈەن قەرز پۇلنى يوق قىلىشىدىمۇ بىۋاسىتە جاۋابكارلىقى بار ئىكەن. ئۇنى سۈرۈشتە قىلىشتا چوقۇم پاكىت بولۇشى كېرەك، بىراق ئادەم قېچىپ كەتكەن، پاكىت تاپماق

ئاسان ئىش ئەمەس - تە! ئېنىقكى، كېيىل بولغۇچى ھېلىقى ئىشلەمچى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇنىڭ قولىدىكى قەرز پۇلنىڭ بىر قىسمىنى بۆلۈۋېلىپ، ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ «پايدا يەتكۈزۈش» تەك نەيرەڭ، شەرمەندىچىلىكنى ئوينىماپ چىققان، ھېلىقى ئىشلەمچىنىڭ قىينىلىپ پۇل تېپىشىنى قىينالماي پۇل تېپىش يولىغا سېلىپ قويغان. ئۇنداق كىشىلەردە سەممىي، ئاق كۆڭۈللۈك بولمىغانلىقتىن، ئاشۇنداق قارا يۈرەكلىكنى قىلىپ، جەمئىيەت تەرتىپى، پۇل مۇئامىلە تەرتىپى ۋە ئەخلاق، مۇناسىۋەت ساغلاملىقىنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقان قىلىدۇ، بۇزىدۇ.

بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەرز ھۆججىتى، ھۆججەت - ئىسپات يازغاندا، تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك:

1. ھۆججەت - ئىسپات يازدۇرغاندا، يازغان ئادەمنىڭ قانداق جايدا، قايسى قولىدا، نېمىدەپ يازغانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر سول قولىدا يازغاندا، يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىگە بۇنى ئەسكەرتىپ يېزىپ قويۇش، باشقا ئۇسۇلدا يازغان بولسا، ئۇنىمۇ ئەينەن خاتىرىلەپ قويۇش كېرەك.

2. ئىسىم - ئىمزانىڭ توغرا يېزىلغان - يېزىلمىغانلىقىغا قاراش، يەنى ئىسىم - فامىلىسىنىڭ كىملىكتىكى ئىسىم - فامىلىگە ئوخشاش ياكى ئوخشاش ئەمەسلىكىگە دىققەت قىلىش، باشقا مىللەت كىشىلىرى بولسا، كىملىكىدىكى خەتنىڭ تولۇق يېزىلغان - يېزىلمىغانلىقىغا قاراش كېرەك.

3. ئىمزا ئۈستىگە بارماق بېسىش، سۈرۈخ بىلەن قول سىزىقىنى خاتىرىلەپ قويۇش كېرەك.

4. مەزمۇن، ئۇقۇم، مەنە، قاراتمىلىق، ۋاقىت، ئورۇن ئېنىق بولۇش، گۇۋاھچىلارنىڭمۇ سالاھىيىتى، مەسئۇلىيىتى، ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى تولۇق، ئېنىق بولۇش كېرەك.

ئۆتسە ئەگەر سەۋەنلىك
بولماس ھەرگىز ئەمىنلىك

# قەرزدار ھۆججەتنى ئۆزى يېزىشى كېرەك

قەرزدارلىق خاسلىققا ئىگە مەجبۇرىيەتنىڭ بىر خىلى بولۇپ، كىم ئىگە بولسا ياكى كىم مەسئۇل بولسا، شۇ كىشى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئادا قىلىشى كېرەك. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى كۈچلۈك، قاراتمىلىقى ئېنىق بولىدۇ. ئۇنى خالىغانچە باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويغىلى، ۋاستە قوللىنىپ يۆتكىۋەتكىلى بولمايدۇ. قانۇن ماددىلىرىدىمۇ كىم ئۇستىگە ئالسا، شۇ مەسئۇل بولۇش، كىم قەرزدار بولسا، شۇ جاۋابكار بولۇش بەلگىلەنگەن. ئەمما كىشىلىك تۇرمۇشتا ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشى، باشقىلارغا يۆتكىلىپ تۇرۇشى دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى خىل بولىدۇ: بىرسى، يوللۇق، توغرا، قانۇنلۇق، يەنى، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن باشقىلارغا يۆتكىلىپ، قەرزدارلىق مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت باشقىلارنىڭ ئىختىيارلىقىغا ئۆتكەن بولىدۇ. يەنى بىرسى، نەيرەڭ ئىشلىتىپ، باشقىلارغا زىيان سېلىش يولى، يەنى ناتوغرا يول بىلەن باشقىلارغا يۆتكەلگەن بولىدۇ. قەرزدارلىق ئىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى، يۆتكىلىشى نورمال ئىش بولسىمۇ، ناتوغرا يول بىلەن ئۆزگەرتىلىشى، يۆتكىلىشى ئىجتىمائىي ئەخلاق، ئىقتىسادىي تەرتىپكە ئىنتايىن زور زىيان سالىدۇ، كىشىلەرنى بىھۇدە پاراكەندە قىلىپ، ئاۋارىچىلىككە سالىدۇ.

بۇ يەردە بىر نەرسىنى تەكىتلەش زۆرۈركى، قەرزدارلىق مەيلى يۆتكەلسۇن، مەيلى ئۆزگەرسۇن، ئۇنىڭ ماھىيىتى، يەنى مەسئۇلىيەتنى ئۇستىگە ئېلىشتەك خاسلىقى ئۆزگەرمەيدۇ.

قەرزدارلىقنىڭ قەرزدار كىشىنى ئىنتايىن بىچارە، يېتىم قىلىپ قويىدىغان تەرىپىمۇ دەل مۇشۇ ئالاھىدىلىكى تۈپەيلىدىن بارلىققا كېلىدۇ. قەرزدارلارنىڭ بىر قىسمى مۇشۇ خىل مەسئۇلىيەتتىن قېچىش ياكى تۆلەم قايتۇرۇش ئىقتىدارى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا ئىتتىرىش، يۆتكەش، ئۆزگەرتىپ قويۇش نەيرەڭلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ تولىمۇ پاسسىپ ئۇسۇل بولۇپ، ئۇ قەرزدارنىڭ نامەردلىكى، ئىشەنچسىزلىكى ھەمدە ناچار ئوبرازى، تولىمۇ تۆۋەن قىممىتىنى ئېچىپ قويىدۇ. قەرز ھۆججىتى ئىشلىرىدىكى بۇنداق پاسسىپلىق تولا چاغلاردا باشقىلارنى ئوڭدا قويۇپ، زىيانغا ئۇچراتماي قالمايدۇ. بۇ يەنىلا شۇ ھۆججەت - ئىسپاتتىكى يوچۇقنىڭ مەلۇم بىر تەرىپى بىلەن باغلىق بولۇپ، ئۇ ئۆلچەملىك يېزىش، قانۇنلۇق قىلىش، توختام بويىچە يۈرگۈزۈشتە كەتكۈزۈپ قويغان سەۋەنلىك بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇنداق كەتكۈزۈپ قويۇش كۆپ ھاللاردا ھەقدار ياكى قەرزدارنىڭ ئىككىلەمچى قەرزدارلىقى داۋامىدىكى كەتكۈزۈپ قويۇشتا كۆرۈلىدۇ. بۇ دەسلەپتە ئاشكارا بولمايدۇ، قەرزدازلىقنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ۋە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش جەريانىدا ئاشكارىلىنىدۇ، مەلۇم بولىدۇ. بولۇپمۇ قەرزدار ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشنى خالىمىغان، يوچۇق ئىزدىگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى نەزەرگە ئالمىغان ئەھۋالدا پەيدا بولىدۇ. تالاش - تارتىش يۈز بەرگەندە تولۇق، ئەينەن، ئاشكارا بولىدۇ. قەرزدارلىق مەسئۇلىيىتىنى باشقىلارغا ئارتىپ قويۇش مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك، بەزىلىرى ھەتتا بەك چىگىچ بولىدۇ. ئۇ بىرلا ئادەم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمايدۇ. بەزىلىرى بىر توپ ئادەمنىڭ ئومۇمىي ھەرىكەت، كەيپىياتىغا، بەزىلىرى ئايرىم ھادىسە، ماھىيەتلىك پىلانلىشى، ئۆزى بىۋاستە قول تىقىپ ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇنداق

قىلىشىنىڭ كۆپ قىسمى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمايدۇ، شۇ ۋەجىدىن قەرزدار كۆپ تەرەپلىمە سورۇقچىلىق تارتىدۇ، ئىززەت - نەپسىنى، ئادەملىك سالاھىيىتىنى خورلايدۇ. ئاز بىر قىسمىدا قەرزدارلىقنى باشقىلارغا ۋاقىتلىق يۆتكەپ قويسىمۇ، ھېچ بولمىسا، ۋىجدان ئازابى، ئەخلاق جازاسىغا مەڭگۈ ئۇچرايدۇ. ئۆزىدىكى قەرزدارلىقنى قەستەن باشقىلارغا يۆتكەپ قويۇش پەقەت ۋاقىتلىق قۇتۇلۇش بولۇپ، بۇنى ئۇلار شۇ چاغدا ھېس قىلمايدۇ، كېيىن ھېس قىلغاندا، ئۇنىڭ نادانلىق، شەرمەندىلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، بىراق ئۇ چاغدا كېچىككەن بولىدۇ.

قارا نىيەت، سۇيىقەست بىلەن قەرزدارلىق مەسئۇلىيىتىنى مەسئۇلىيىتى بولمىغان باشقا بىر ئادەمگە ئارتىپ قويۇش ئاسان ئىش بولمىسىمۇ، بەزى ئادەملەر ئۇنى ئېغىر كۆرمەي، خىجىل بولماستىن تىرىشىپ - تىرمىشىپ قىلىپ باقىدۇ. بەزىلەر ھەقىقەتەن كۆزلىگەن قارا نىيىتىگە يېتەلەيدۇ. بۇنداق مىساللارنى تالاي ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

كىچىك ئىنىم بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر كىشى بىلەن تىجارەت قىلغان ھەمدە ئۇ كىشىگە 200 مىڭ يۈەن پۇلنى ئۆزىنىڭ نامىدا بانكىدىن قەرز ئېلىپ بەرگەن. پۈتۈشكەندە قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمى بىلەن دىرىنى قەرزنىڭ قايتۇرۇش ۋاقتى توشقاندا ھېلىقى كىشى قايتۇرىدىغان بولغان. مۇشۇ چاغدا ئىنىم بىرنەچچە ئىشنى قىلمىغان. توختام تۈزمىگەن، گەرچە ئاغزاكى توختام شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنى خاتىرىلەپ قويمىغان ھەمدە ئۇنىڭغا گۇۋاھچىلارنى تۇرغۇزۇپ، ئۇنئالغۇغا ئېلىپ قويمىغان، قەرز ھۆججىتى بىلەن بانكىنىڭ توختامىغا ئۇ كىشىنىڭ تامغىسىنى باستۇرۇپ، قولىنى قويدۇرۇپ، كېپىل بولغۇچىنىڭ ئورنىدا ۋاكالەتچى قىلىپمۇ قويمىغان. ئىنىم بۇ ئىشتا ھېسسىياتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچنى،

دوستلۇقنى ئەلا بىلگەن. ئۇ ئەينى چاغدا بۇنىڭ قەرز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتىكى ئاساس ئەمەسلىكىنى ھېس قىلمىغان، چۈشەنمىگەن، بىلمىگەن. ھېلىقى كىشى 150 مىڭ يۈەننى تاپشۇرۇپ بولغان مەزگىلدە باشقىلارغا قويۇلۇپ كېتىپ، قەرزنى قايتۇرۇش ئىقتىدارى يوقالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېلىقى قالغان 50 مىڭ يۈەننى قايتۇرۇشتىن ۋاز كەچكەن ھەمدە بىردىنلا يۈز ئۆرۈپ، پۇلنى ئىنىمنىڭ ئالغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزىنىڭ ئىشلەتكەنلىكىنى، قالغان قىسمىنىڭ ئىنىمنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، قەرزنى تۆلەشنى رەت قىلغان. بانكا سوتقا ئەرز قىلىش يولى بىلەن بانكىنىڭ توختامى، قەرز ھۆججىتىگە قول قويغان ئىنىمدىن دىرى 50 مىڭ يۈەن، ئۆسۈمى 17 مىڭ نەچچە يۈەننى تۆلىتىپ ئالدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىنىم تولىمۇ بىخەستەلىك قىلغان. ھەتتا ھېلىقى كىشى 200 مىڭ يۈەن قەرز پۇلنى ئالغان چاغدىمۇ ئىنىم ئۇنىڭدىن ھۆججەت - ئىسپات ئالمىغان. بۇنداق ئەھۋالدا ھېلىقى كىشى 200 مىڭ يۈەننىڭ ھەممىسىگە تېنىۋالسىمۇ، ئۇ چاغدا ئىنىم ئامال قىلالماسلىقى، ھەممىنى ئۆزى تۆلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى قەرز پۇلىنى باشقىلار خەجلىگەن، باشقىلار ئىشلەتكەن بولسىمۇ، بىرىنچى باسقۇچتىكى رەسمىيەتلەرنى ئىنىم ئۆتىگەن. شۇنداق ئىكەن، ئىنىممۇ تەرتىپ بويىچە يەنە بىر رەسمىيەت ئۆتەپ، ئاندىن ئىككىنچى، ئۈچىنچى بىر ئادەمگە بېرىشى كېرەك. يەنى توختام تۈزۈشى، كېپىل تۇرغۇزۇشى، ھۆججەت - ئىسپات يازدۇرۇشى كېرەك ياكى بولمىسا، بانكىنىڭ بىرىنچى قەدەمدە ئۆتەيدىغان رەسمىيەتلىرىگە ھېلىقى كىشى ئۆزى ئىمزا قويۇشى، ھېچ بولمىغاندىمۇ، ئىنىمغا چېتىلغان ھالدا چاتما قەرزدارلىقىنى شەكىللەندۈرۈپ، قەرزدارلىقتىكى مەسئۇلىيەتنى تەڭ ئۈستىگە ئالىدىغان، بىر - بىرىنى نازارەت قىلىپ، ھەقدارلىقنى بىخەتەرلىككە ئىگە قىلىدىغان قىلىشى كېرەك. ئۇنداق

بولمايدىكەن. ماددىي ئىسپاتنى تونۇيدىغان قانۇن پىرىنسىپى ھەمدە ئەل ئىچى ھەق ـ ناھەق بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپى بويىچە قەرزدارلىقنى چوقۇم ئىنىم ئالدى بىلەن ئادا قىلىشى كېرەك. دېمەك، بۇ يەردىكى مانا مۇشۇنداق بىر بوشلۇق، سەۋەنلىك ھېلىقى كىشىنىڭ قەرزنى تۆلىمەي، زىيانكەشلىك قىلىشىغا يوچۇق ئېچىپ بەرگەن. قەرزدارلىق بىردىنلا ئىنىمغا يۆتكىلىپ قالغان. قەرزنى قايتۇرۇپ ئىنىمنىڭ يۈرىكى تازا پۇچىلاندى.

ئالدىنقى يىلى يۇرتىمىزدىن بىرنەچچە كىشى كېلىپ، دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىشنى دەپ بەردى. ئەسلىدە تۆت كىشى بىرلىشىپ پاختا تىجارىتى قىلغان. بانكىدا تونۇشى بار بىر كىشى دادىسىنى قەرزدار، ئۆزى كېپىل بولۇپ 500 مىڭ يۈەن قەرز ئالغان. بۇ پۇلدىن ھېلىقى تۆت شېرىك 100 مىڭ يۈەندىن ئېلىپ، كېپىل بولغۇچىنىڭ دادىسى ـ قەرزدار 100 مىڭ يۈەننى ئېلىپ بۆلۈشكەن. ئۇلار ھېچقانداق يېزىقچە ھۆججەت ـ ئىسپات قىلىشمىغان. ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلگەندە، قەرزنى قايتۇرۇش گېپى پەيدا بولغان. بۇ چاغدا، شېرىكلەر بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغان. بانكا سوت ئارقىلىق ھۆكۈم قىلدۇرۇپ، قەرزنى ئەسلىدىكى قەرزدار ـ كېپىل بولغۇچىنىڭ دادىسىغا ئارتىپ قويغان. شۇ ئارىلىقتىن ئۇ كىشى 300 مىڭ يۈەن زىيان تارتقان. قەرز ئېلىپ بېرىپ ئۆزۈلغا قالغان دادا دورا ئىچىپ ئۆلۈۋالماقچى بولغان، كېيىن جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق ھاياتى ساقلىنىپ قالغان. بۇنىڭغا ئادەمنىڭ شۇنچىلىك ئىچى سىيرىلىدۇ. ھېلىقى ناكەسلەرگە شۇ قەدەر غەزەپ ـ نەپرىتى، ئۆچمەنلىكى كېلىدۇ. ئەمدى بۇ يەردىكى جاۋابكار زادى كىم بولۇشى كېرەك؟ ئېنىقكى، بۇ يەردىكى باش جاۋابكار قەرز ئېلىپ بەرگەن دادا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى، سەۋەبكار جاۋابكار ھېلىقى ئۇچ كىشىدۇر. ئەمما بۇ ئۇچ ئادەمگە ئارتىدىغانغا يېتەرلىك پاكىت تېپىش شۇنچىلىك قىيىن، ھەتتا تاپقىلىمۇ بولمايدۇ، شۇڭا ئۇلارغا

قانۇنىي جەھەتتىن جاۋابكارلىقنى ئارتقىلى بولمايدۇ. پەقەت ئەخلاق، ۋىجدان نۇقتىسىدىنلا بىرنەرسە دېگىلى بولىدۇ.

يېقىندا سوت مەھكىمىسىدە ئىشلەيدىغان بىر دوستۇم باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن پەشۋا يېگەن بىرەيلەننىڭ گېپىنى دەپ بەردى. ئۇ بىر ئىشتا ھەقدار بولسىمۇ، قەرزدارنىڭ نەيرەڭلىرى بىلەن ھەقدارلىق ھوقۇقىنى كۆچىنى يوقاتقانىكەن. ئەسلىدە بۇ ئادەم پولات - تۆمۈر ساتىدىغان ئادەم بولۇپ، 7 ~ 8 يىلنىڭ ئالدىدا شەخسىي قۇرۇلۇش قىلىدىغان بىر تىجارەتچىنىڭ ئۆي سېلىشى ئۈچۈن 30 مىڭ يۈەنلىك قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بەرگەن. قەرزدار شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇش ئورنىدا ئىشلەيدىغان بىر كىشىنى ھەقدارنىڭ دۇكىنىغا باشلاپ بېرىپ، 30 مىڭ يۈەنلىك قۇرۇلۇش ماتېرىيالىنىڭ ھۆججىتىنى شۇ كىشىگە يازغۇزۇپ، ئاغزاكى ھالدا بۇ ھۆججەتنى كۆچكە ئىگە دەپ كېتىپ قالغان. ھەقدار سەزگۈر، بۇنداق ئىشلارغا بىرقەدەر پىششىق ئادەم بولغاچقا، قەرزگە بەرگەن قۇرۇلۇش ماتېرىيالىنى نەگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلۇش ئورنىغا ئىزدەپ بېرىپ، باشقىلاردىن سوراپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆرۈپ، پۇلنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە كۆزى يېتىپ كەتكەن. بىراق قەرزدار پۇلنى دېگەن ۋاقىتتا ئاپىرىپ بەرمىگەن، سۈيلەپ بارسا ئۆي پۈتۈپ ئاللىقاچان ئىجارىگە بېرىلىپ، ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. قەرزدارنى تېپىپ 30 مىڭ يۈەننى بېرىشنى ئېيتقاندا، قەرزدار دەسلەپ ماقۇل دېگەن، كېيىن ھەقدارنىڭ قولىدىكى ھۆججەتنى كۆرۈپ، نىيىتى بۇزۇلۇپ، قارا يۈزلۈك قىلىپ، بۇ پۇلنى ئەينى چاغدا ھۆججەتنى يازغان ئادەم ئارقىلىق بېرىپ بولغان، دەپ تۇرۇۋالغان. ھۆججەتنى يازغان ئادەمنى ئىزدەپ بارغاندا ئۇ كىشى كېسەل بىلەن قازا قىلىپ كەتكەن. ئامال بولماي، سوتقا ئەرز قىلغان. مەلۇم ئادۋوكات ئۇنىڭغا ۋاكالەتچى بولغان. ھەقدارنىڭ ئىگىلىكى بەك چوڭ بولۇپ، ئۇ زىيادە ئالدىراش بولغاچقا، ھېلىقى

ۋاكالەتچىسىگە ئىشىنىپ سوتنىڭ كەينىگە كىرمىگەن. سوتتىن كېيىن ئادۋوكات ھۆكۈم چىقمىدى دەپ ئىككى يېرىم يىلنى ئۆتكۈزگەن. ئەسلىدە سوت 30 مىڭ يۈەننى تۆلەشنى قەرزدارنىڭ ھۆججىتىنى ۋاكالىتەن يازغان كىشىگە بۇيرۇغانىكەن. ئادۋوكاتنىڭ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ، ھەقدارغا ھۆكۈمنى يەتكۈزمەسلىكى، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماسلىقىدا قەرزدار بىلەن تونۇش ھەم مەنپەئەتداش بولغانلىقى سەۋەب بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋىجدان، مەسئۇلىيىتىنى قايرىپ قويۇپ، ھۆكۈمنىڭ ئىجرا سۈرۈكىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەن. ئادۋوكاتنىڭ بۇنداق قىلىشى ھەقدارنىڭ بۇنچىلىك پۇلغا ۋاي دەپ كەتمەيدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. ھەقدار ھېلىقى ھۆكۈمنى كۆتۈرۈپ ئىجرا ئىدارىسىغا بارغاندا، ئىجرا سۈرۈكى ئۆتۈپ كەتكەن دەپ قوبۇل قىلمىغان.

ئەمدى بۇ قەرزدارلىقتىكى ئەمەلىيەتنى تەتبىقلاپ باقايلى: بىرىنچىدىن، قەرز ھۆججىتىنى قەرزدار ئۆزى يازمىغان، مانا بۇ ئۇنىڭ قەرزدارلىقتىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشىغا، قەرزدارلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماي، قىزىل كۆزلۈك قىلىشىغا «يېشىل چىراغ» يېقىپ بەرگەن. ئىككىنچىدىن، بىۋاستە مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنىدىغان ئادەم قازا قىلغان بولۇپ، ئۇ قەرزنى سۈيلەشتىكى يول، يوچۇقلارنى ئېتىپ قويۇشقا سەۋەب بولغان. شۇنىڭ بىلەن ھەقىقىي قەرزدار، ئادۋوكات، سوتچىلار قەرزدارلىقنى يوق قىلغان. ئۈچىنچىدىن، ئادۋوكات قەرزدار ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇنى ئىجرا قىلىش مۇمكىن ئەمەس دېگەننى باھانە قىلىپ، ھەقدارنىڭ قانۇنىي يول بىلەن مېڭىشىنى چەكلەپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنى يوققا چىقارماقچى بولغان. بۇ بىرنەچچە ئىش بىلەن 30 مىڭ يۈەنلىك دەۋا قارىسا كۆز يەتمەيدىغان، گەپ قىلسا گەپ سىغمايدىغان قاتماللىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغان.

بايىقى سوتچى دوستۇم ھەقدار بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار بولغان. سوتچى دوستۇم بۇنىڭدىن بەكمۇ

ئۆكۈنگەن ھەمدە يېڭىدىن پاكىت ئېلىپ، ئېنىقلاپ دېلونى قايتا سوتلاش ياكى قەرزدار بىلەن چىرايلىق كېلىشىپ، 30 مىڭ يۈەننى قايتۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشىپ بېرىپتۇ.

قەرزدارلىقتىكى كىچىككىنە يوچۇق نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك، نامەردلىك، ساختىپەزلىك، قىزىل كۆزلۈكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. شۇڭا قەرزدار كىم بولسا، شۇ يېزىشى، قول قويۇشى كېرەك، شۇنداقلا باشقىلارغا ۋاكالىتەن يازدۇرماسلىقى، يازدۇرۇشقا توغرا كەلسە، چوقۇم ھاۋالىنامە يېزىپ، ھوقۇق بېرىشى كېرەك. ۋاكالىتەن ھۆججەت يېزىپ بەرگەن ئادەممۇ ئۆزىنى قوغدىشى، مەنپەئەتىنى ئويلىشى، قەرزنىڭ ئۆزگىچە يۈتكىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشى كېرەك. بۇ يەردە يەنە بىر ئېھتىماللىقنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، باشقىلارغا يازدۇرغان ھۆججەتنىڭ ئىككىنچى بىر خىل يامان تەرىپى ھەقدار بىلەن قاچاندۇر بولسۇن بىرلىشىپ، ۋاكالىتەن يېزىپ بەرگەن ھۆججەت ـ ئىسپاتنى يىرتىپ تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭغا ئەسلىدىكىدىن قىممىتى يۇقىرى قىلىپ، قايتا ھۆججەت ـ ئىسپات تۇرغۇزۇۋالسا، قەرزدار تەبىئىيلا قويۇلۇپ كېتىدۇ. قەرز رەسمىيىتىنى قەرز ئالغانلار ئۆزى ئۆتىسە، ھۆججەت ـ ئىسپاتلارنىمۇ ئۆزلىرى يازسا، ھەرقايسى تەرەپلەر ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سەممىيلىك بىلەن ئۆتىسە، مۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىقمايدۇ، كېلىپ چىققان تەقدىردىمۇ، باشقىلار قۇربانلىق بولۇپ كەتمەيدۇ. قەرزدارمۇ ئاۋارىچىلىك تارتمايدۇ. شۇڭا قەرز ھۆججەتلىرىنى يازغاندا ئۆزى بىۋاسىتە يېزىشى، ئۆزى قول قويۇشى كېرەك. ھەقدارمۇ قەرزدارنىڭ شۇنداق قىلىشىنى تەكىتلەپ، ئالاقىسى بولمىغان باشقىلارنىڭ ۋاكالىتەن ھۆججەت ـ ئىسپات يېزىشىغا يول قويماسلىقى، ھەرقايسى تەرەپلەر مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى كېرەك.

# قەرز ھۆججىتىنى يازدۇرغاندا كۆرۈلىدىغان ئالدىنى ئېلىپ قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك

قەرز ھۆججىتىنى يېزىپ بېرىش بىلەن قەرز ھۆججىتىنى يازدۇرۇش قارىماققا بىر ئىشتەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر - بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. ئالدىنقىسى ئىختىيار قىلىش، ئۆزى رازى بولۇشنى، شۇ كىشىنىڭ دىيانىتى، سەممىيىتىنى كۆرسىتىپ بەرسە، كېيىنكىسى رازى بولماي يېزىشنى، ئالدىنقىسىنىڭ خاراكتېرىدىن چەتنەپ يېزىشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقىنى ئايرىش، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ ھەقدار ـ قەرز ھۆججىتىگە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلغۇچى قەرز ھۆججىتىگە ئىگە بولۇشتا بۇ نۇقتىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى كېرەك.

ئادەتتە مەجبۇرىي يازدۇرغان قەرز ھۆججەتلىرىدە ئۇقۇم، مەنە، مەقسەت، ئاساسىي ئىدىيە تولۇق گەۋدىلىنىشى، ھۆججەت بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەمما ئۇنى يازغان ئادەمنىڭ قارىشىدا ۋە ئۇقۇمىدا بۇنىڭ ئەينەن ئەكس ئېتىشى ناتايىن، چۈنكى قەرزدارنىڭ شۇ چاغدىكى كەيپىياتى، ئويلىرى، چىقىش قىلغان مۇددىئا - مەقسەتلىرى ھەقدارنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمايدۇ. ساپ ئىدىيە، سەممىي پوزىتسىيە كەمچىل بولىدۇ. ئۇ قەرز ھۆججىتىنىڭ تولۇق، مۇۋاپىق، نۇقسانسىز يېزىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، قەرز ھۆججىتىنى يازدۇرۇش ھەقدارنىڭمۇ، قەرزدارنىڭمۇ مەنپەئەتىنى قوغداش رولىنى ئوينىسىمۇ، قەرزدارنىڭ

ناقايىللىقى، رازى بولماسلىقى روشەن بولغانلىقتىن، كۆز ئالدىنىلا ئويلاپ، ئاقىۋىتىگە سەل قاراش تۈيغۇسىدا بولىدۇ. بۇ ھامان ھۆججەتتە مەلۇم يېتەرسىزلىك، نۇقسان، يوچۇقنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. مەجبۇري يېزىلغان ھۆججەتلەردە كۆپ ھاللاردا مۇنداق بىرقانچە خىل ئەھۋال كۆرۈلىدۇ.

**1. ئۆزى يازسىمۇ، قولىنىڭ ئۇچىدا يازىدۇ ياكى ئۆزى چىقىش قىلغان مەقسەتنى ئاساس قىلىپ يازىدۇ**

بۇنداق بولۇشىدا ھەقدار بىلەن قەرزدار ئوتتۇرىسىدا چوقۇم شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە مەلۇم زىددىيەت كېلىپ چىققان بولىدۇ. سودا قىلغان بولسا، تىجارەت ئېلىم - بېرىمىدە ئېگىز - پەسلىك بولغان بولىدۇ، باشقا مۇئامىلە بولغان بولسا، ئېنىقكى ئوخشاش بولمىغان توقۇنۇش كېلىپ چىققان بولىدۇ. مانا شۇ چاغدا بۇرۇنقى ئېلىم - بېرىمنى ھېسابات قىلىشقا ۋە ئىسپات - ئاساس ھاسىل قىلىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ - دە، ئېلىشى بار تەرەپ قارشى تەرەپتىن بىر تەرەپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ھەل بولۇپ كەتسە، شۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگەيدۇ، ھەل بولمىسا، مەجبۇري ھالدا ھۆججەت - ئىسپات يازدۇرىدۇ.

**2. بەزىلەر قەرز ھۆججىتىنى ۋاقتىدا يېزىپ بەرگىلى ئۇنىمايدۇ**

بۇنىڭدا نۇرغۇن سەۋەب بولىدۇ. ئەنئەنىۋى ئادەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، دوستلۇق، ئىنساب - دىيانەت، ئىشەنچنى دەستەك قىلسا، رىئاللىق نۇقتىسىدىن بۇنداق قىلىشنى چوڭ بىلمەسلىك، كۆزگە ئىلماسلىق، ھەقدارنى كېيىن بىر ئاماللار بىلەن بابلاپ كېتىشنى نىيەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، قەرزداردا توغرا نىيەت، سەمىمىيەت بولسىمۇ، ۋاقىت يار بەرمەسلىك، توغرا كەلمەسلىك، ھېسابات ۋاقتىدا بولماسلىق، ئادا قىلىش زۆرۈر

بولغان مەجبۇرىيەت قىسمەن ئادا بولۇش، ھەقدار سۈيلىمەسلىك، ھۆججەت ـ ئىسپات يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلماسلىق، ھەقدار ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتنى تولۇق ئادا قىلماسلىق، ئۇنىڭ بەدىلىگە يېزىپ بېرىشكە تېگىشلىك ھۆججەت ـ ئىسپاتنى يېزىشنى كەينىگە سۈرەش ھەمدە ھۆججەت ـ ئىسپات يېزىپ بېرىشكە تېگىشلىك ئىسپات ـ ئاساسلارنى كۆرستەلمەسلىك قاتارلىق ئامىللارمۇ ھۆججەت ـ ئىسپاتنىڭ ۋاقتىدا يېزىلماي قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

### 3. قەرزدارلىقنى باشقىلار ئارقىلىق بېجىرىدۇ

بەزىدە ھەقدارغا ۋاكالىتەن باشقىلاردىن مال ـ مۈلۈك قوبۇل قىلىش ئىشلىرى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ چاغدا قەرزدارلىق ھۆججەت ـ ئىسپاتنى ئىككىنچى بىر ھەقدار يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. قەرزدارلىقنى ۋاكالىتەن بېجىرگۈچى ئاساسلىق بولمىغان قەرزدار بولۇپ قالىدۇ. بۇ ماھىيەتتە مەلۇم ھۆججەت ـ ئىسپات ئارقىلىق قەرزدارغا ئايلىنىپ، ئەسلىدىكى قەرزدارلىق مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. بۇنداق قەرزدارلىقنىڭ بەزىلىرى ھەقىقەتەن كىچىك ئىگە بولىدۇ. بەزىلىرى كىچىك ئىگە بولماستىن، ۋاستىلىك رول ئويناپ، شۇ ئىشنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭغا قىسمەنلىك بېرىكىپ كېتىدۇ. بۇنداق بولۇشتا ھەقدار بىلەن ئەسلىدىكى قەرزدار ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك ئىگە بولۇش، قىسمەن ئىگە بولۇش ياكى كىچىك ئىگە بولماسلىق ھەققىدە ئاغزاكى توختام ياكى يازما توختام بولغان بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا چوقۇم ئاساسلىق قەرزدارنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆججەت ـ ئىسپاتنى يازدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق بىر قاتار سەۋەب، توسالغۇ ۋە ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت جەريانىدا قەرز ھۆججىتىنى ۋاقتىدا يازدۇرۇش كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

## 4. باشقىلارغا يازدۇرىدۇ

هەقدار ياكى قەرزدار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ، ئۆزى بىلەن بىۋاسىتە پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى بار ئادەملەرگە ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا ۋاكالىتەن ھۆججەت - ئىسپات يازدۇرىدۇ. بۇنىڭدىمۇ نۇرغۇن ئىچكى - تاشقى سەۋەب بولىدۇ. قەرزدارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن باشقىلارغا قەرز ھۆججىتى يازدۇرۇشى روشەنكى نىيىتىنىڭ توغرا بولمىغانلىقى، ساۋاتى بولمىغانلىقى، مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ھەقدارنىڭ باشقىلارغا يازدۇرۇشى قەرزداردىكى مەلۇم ئاجىزلىق ياكى مەلۇم يېتەرسىزلىك تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن قاتماللىقنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن بولىدۇ. يەنى ھېچ بولمىسا، گۇۋاھ - ئىسپات قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ يازدۇرىدۇ. قەرزدارنىڭ ئۆزىدىكى مەسئۇلىيەتتىن قېچىشى بىر خىل بىمەنىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ يامان نىيىتى ھەقدارنى ئوڭدا قويىدۇ، چۈنكى زۆرۈرىيىتى كەلسە، قەرزدار ھۆججەتنى مەن يازمىغان، مېنىڭ خەۋىرىم يوق، قەرز ھۆججىتى كىمنىڭ بولسا، شۇ جاۋاب قىلسۇن، دېيىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك قەرزدار ياكى ھۆججەتنى يازغان ئىككىلەمچى قەرزدار قازايىقەدەر قازا قىلسا، ئۇ چاغدا ھەقدارنىڭ مەنپەئەتى يوققا چىقىدۇ. ئۇ چاغدا ھۆججەت - ئىسپاتقا كىم جاۋاب قىلىدۇ؟ ئىشقىلىپ بۇنىڭ ئاۋارىچىلىكى، زىيانلىق تەرىپى، مەيلى روھىي، مەيلى جىسمانىي ئازابى كۆپ بولىدۇ.

## 5. قول قويماي تامغا بېسىپ بېرىدۇ

قەرز ھۆججىتى ئىشلىرىدا قول قويۇش، ئىمزا قويۇش، تامغا بېسىپ بېرىش، ئۆزى قوللىنىپ كەلگەن شەكىلدىكى شەرتلىك بەلگىنى قويۇپ بېرىش ئىشلىرى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇنى ناتوغرا دەپ قاراشقا ياكى خاتا دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ.

چۈنكى ئۆلارنىڭ بەلگىلىك رولى، قىممىتى بار. بىراق ئۆلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدەپ، ئومۇمىيۈزلۈك قىممىتى بار، ئىشەنچلىك دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

**تامغا بىلەن قول قويۇشنىڭ پەرقى:** خۇسۇسىيلار ئارا قەرز ھۆججەتلىرىدە قول قويۇش ئاساس، باشقا كوللېكتىپ ۋاكالەتچىلىكىدە تامغا ئاساس قىلىنىدۇ. بەزىدە ئايرىم كىشىلەر خۇسۇسىي ھۆججەت ـ ئىسپاتلىرى ئۈچۈن، مەلۇم تەشكىلاتلار ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تامغىنى ئىشلىتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھامىيسىغا ئايلاندۇرۇۋالىدۇ ھەم ئۆزىنى شۇ ئىشنىڭ قانۇنىي ۋەكىلى، ئىگىسى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. قەرز ھۆججەت ـ ئىسپاتلىرىنى قولىدا يازمايدۇ، زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن يازىدۇ، پەقەت ئۇنىڭ ئاستىغا تامغا، كاپالەت بولىدىغان بەلگىلەرنى قويۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىرقانچە خىل ئارتۇقچىلىقى بولغاندىن باشقا كەمچىلىكىمۇ بار. ئارتۇقچىلىقى: ئۇنىڭغا چوڭ ئورگان ـ تارماق ئىگە بولغاندەك تۇرىدۇ. تامغا ھەقىقەتەن قانۇنلۇق ئورۇننىڭ ئىگىدارلىقىدا بولسا، قەرزدار تېنىۋالسىمۇ، قانۇن ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ. مەسىلەن، مەلۇم كىشى شۇ تامغا ۋەكىللىك قىلىدىغان تارماقنىڭ خادىمى بولسا، ئۇ ئاشۇ تامغا بىلەن ئۆزىنىڭ شۇ تەشكىلاتى تەقسىم قىلغان ئىشنى بېجىرسە، ئېنىقكى ئۇ شۇ تەشكىلاتقا ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇ چاغدىلا تامغىنىڭ ھۆججەت ـ ئىسپاتتىكى قىممىتى زىيانغا ئۇچرىمايدۇ. بولۇپمۇ چوڭ گۇرۇھ، چوڭ كارخانا، زاۋۇت، مۇلازىمەت ئورۇنلىرى، شۇنىڭدەك تاۋار بىلەن تەمىنلەش، سېتىش ئورۇنلىرىدىكى قانۇنلۇق باج تالونى، باج تاپشۇرۇش ئىسپاتى، مال تاپشۇرۇۋېلىش تالونى، مال چىقىم قىلىش، زاكاز قىلىش تالونى... قاتارلىقلارنى بېجىرىش جەريانىدا مەخسۇس ئادەم قويۇپ، تامغىنى ئىشلىتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۆلارنىڭ تامغىسى بىردەك ئىناۋەتلىك، قانۇنلۇق بولىدۇ. ئەمما ئىناۋەتسىز قىلىنغان تامغا

بېسىلغان، ئىناۋەتسىز قىلىنغان تالون كېسىلگەن قەرز ھۆججەتلىرى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىنمايدۇ.

### 6. قول قويغاندا ساختىلىق قىلىدۇ

بەزىلەر قىزىل كۆزلۈك قىلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ھۆججەت ـ ئىسپات يازىدۇ. تامغىسىنى بېسىپ بېرىدۇ، ھەتتا بەزىلەر بارماق بېسىپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇنداق قەرز ھۆججەت ـ ئىسپاتلىرىنى قەرزدار ئالدىنئالا يېزىپ قويىدۇ، نەق مەيداندا يازمايدۇ. ھەقدار قەرز سۈيلەپ كەلسە ياكى ھۆججەت ـ ئىسپات تەلەپ قىلسا، شۇ ھامان يېنىدىن چىقىرىپ بېرىدۇ. چۈنكى بۇنداق ھۆججەت ـ ئىسپاتقا ئۆزىنىڭ قولىنى قويمايدۇ، باشقىلارنىڭ قولىنى سۈرۈختا بېسىپ قويىدۇ، تامغىسىنىمۇ خەت ئۈستىگە ئەمەس، قەرز ئۈستىگە بېسىپ، ئۇنى ھەقدار ئۆزى يېزىۋالغان قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل ھۆججەت ـ ئىسپات ساختا، سۈپەتسىز، سوتتا پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بەزى ئادەملەر ھەقداردىن ئۆچىنى ئېلىش، ھەقدارنى ئوڭدا قويۇش مەقسىتى بىلەن مۇشۇنداق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، قارشى تەرەپنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان بۇنداق ساختىپەزلىك مەۋجۇت. ساددا كىشىلەر ھەم قەرزداردىن بىزار بولغان كىشىلەر بۇنىڭغا بېپەرۋالىق قىلىش سەۋەبىدىن ئالدىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن دەۋا شەكىللەنگەندە ئاشۇ تامغا، بارماق ئىزى، پوچېركا، ئىمزا قاتارلىقلار ئەسلىدىكى قەرزدارنىڭ بولماستىن، باشقا بىر كىملەرنىڭ بولۇپ چىقىدۇ ـ دە، ئۇنى ئېنىقلاش، ئىسپاتلاشقا نۇرغۇن ۋاقىت كېتىدۇ، ئاۋارىچىلىك تۇغۇلىدۇ. ھەتتا سوتتا يېڭىلىپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

### 7. ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ

ھەقدار قەرزنى ۋاقتىدا سۈيلىمەسلىك سەۋەبىدىن قەرز

بەرگەن پۇل، قەرز قالغان مال ـ مۈلۈكنى ئۆنتۈلۈپ قالىدۇ. بەزىدە ئۇنى سۈيلىگەندە ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن، كونىراپ قالغان بولىدۇ. بۇنداق قەرزنىڭ ۋاقىت ـ قەرەلى تولا چاغلاردا قەلبىمىزدە ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. بىراق بەزىلىرى قانۇندىكى سۈرۈك ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن. ئادەتتە قەرز ھۆججەتلىرىنىڭ سۈرۈكى باشقا چەكلەش خاراكتېرى كۈچلۈك ئامىللارغا قارىغاندا ئۇزاق، نىسپىي بولىدۇ. شۇڭا ئۆتۈپ كەتكەن قەرز ھۆججەت سۈرۈكىنى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك پاكىت ـ ئاساس تېپىش ياكى يېڭىلاشقا ياردەم بېرىدىغان پاكىتنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. بۇ قانداقلا بولسۇن، بىزگە مەلۇم ئاۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەب: بېرىدۇ دەپ ئىشەنچ قىلىش، خىزمەت، تۇرمۇش ئالدىراشچىلىقى سۈيلەشكە ئىمكان بەرمەسلىك، ئىككى تەرەپ ئۇزاق مۇددەت بىر يەرگە جەم بولالماسلىق، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئېسىدىن چىقىپ قېلىش، باشقىلارنىڭ مەلۇم ئىشلىرى توسالغۇ بولۇش، قىسىلىپ قېلىپ ھەل بولماي، بۇ ئىشقا توسالغۇ بولۇش، سۈرۈك ۋاقتى ئىچىدە قىلىشقا ئىمكان بولماسلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

بىرىنچىدىن، قەرز ھۆججەت ـ ئىسپاتلىرىنى ۋاقتىدا يازدۇرۇش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، نەق مەيداندا كۆرۈپ تۇرۇپ يازدۇرۇش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ھۆججەت ـ ئىسپات مەزمۇنىنىڭ تولۇق، ئېنىق، ئۆلچەملىك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، گۇۋاھ ـ ئىسپاتچىلار بولۇشى كېرەك؛ بەشىنچىدىن، ھۆججەت ـ ئىسپاتنى كۈچكە ئىگە قىلىدىغان تەرتىپلەرنى تولۇق قوللىنىش كېرەك؛ ئالتىنچىدىن، ۋاقتىدا سۈيلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

# هۆججەت ـ ئىسپاتلارنى ياخشى ساقلاش كېرەك

ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىممىتى بولىدۇ، شۇنداقلا ھەرقانداق ھۆججەت ـ ئىسپاتلارنى ساقلاشنىڭمۇ قىممىتى بولىدۇ. ھۆججەت ـ ئىسپاتلارنى ساقلاشنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى شۇكى، ئۇ بىزنىڭ نۇرغۇن ئاجىزلىقلىرىمىزنى، جاۋابكارلىقىمىزنى يوقىتا چىقىرىپ، تۈرلۈك ئاۋارىچىلىك، قىيىنچىلىقلاردىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈشىمىزگە قالقان بولىدۇ. ھۆججەت ـ ئىسپاتلارنى ياخشى ساقلىساق ئۆزىمىزنى نامايان قىلىپ، كىشىلەر ئالدىدا، جەمئىيەت ئالدىدا يۈزىمىزنى يورۇق قىلىدۇ. نۇرغۇن ئادەم بۇنىڭغا تولىمۇ سەل قارايدۇ، ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. قانۇندا بىر پارچە ھۆججەتنىڭ ئەڭ ئۇزاق ۋاقىت چېكى 20 يىل دەپ قارىلىدۇ. بىراق دادام رەھمەتلىك بىر پارچە ھۆججەت ـ ئىسپات ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ ئۆمرۈڭ بىلەن تەڭ كۆچكە ئىگە بولىدۇ دەپ قارايتتى. ھازىر بىز دادامنىڭ بۇرۇندىن يىغقان، ساقلىغان ھۆججەت ـ ئىسپاتلىرىنى كۆرسەكمۇ بىز ئۇنىڭدىن ناھايىتى مۇھىم پاكىت، ئاساسلارنى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ھېس قىلىمىز. تارىختا نەزەر سالساقمۇ، دەل ئاشۇنداق ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەر بىزنىڭ ئۇل زامان ھەققىدىكى چۈشەنچىمىز، بىلىمىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، تارىخىمىزنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ قىممىتى ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ساقلىنىپ كەلدى. ھۆججەت ـ ئىسپاتلار يېزىلغان ۋە ئىجرا قىلىنغان مەزگىلدە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى نامايان قىلىپلا قالماستىن، يەنە كېيىنكى كۈنلەردىمۇ تېگىشلىك قىممىتىنى

ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ ھۆججەت - ئىسپاتلارنىڭ ئىككىنچى بىر خىل قىممىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. ھۆججەت - ئىسپاتلارنى ساقلاش بىر ئادەمنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىپلا قالماستىن، يەنە مۇكەممەللىشىشى، تاكامۇللىشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى كۆپ تەرەپلىمە ئارتۇقچىلىق بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۇ تارىخنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ھەقنى ئاشكارىلاپ، ھەقىقەتنى يورۇتىدۇ. ناھەقچىلىق ۋە خاتالىقلارغا رەددىيە بېرىپ، ئادىللىقنى نامايان قىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇنى ساقلاشتا نېمىلەرنى قىلىش كېرەك؟

1. ئىدىيەۋى تونۇش ئېنىق بولۇش كېرەك. نۇرغۇن كىشىلەر ھۆججەت - ئىسپاتلارنى ساقلاش بىرقەدەر ئاۋارىچىلىكى بار ئىش، شۇنداقلا ئۇنىڭ مۇناسىپ مەزمۇنلىرى ئىجرا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ مۇھىم قىممىتى قالمايدۇ... دەپ قارايدۇ. مانا بۇ بىر تەرەپلىمە قاراش بولۇپ، بۇ ھۆججەت - ئىسپاتلارغا بولغان قاراشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. مەيلى ئۇنىڭ شۇ بىر مەزگىللىك قىممىتى تۈگىسۇن، تۈگىمىسۇن، ئۇنى ساقلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان روھ بولۇشى كېرەك. شۇ روھ يېتىلگەندىلا ئادەملەردە ئۇنى ساقلاش تۈيغۇسى شەكىللىنىدۇ، داۋاملىشىدۇ. ئىجرا قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان ھۆججەت - ئىسپاتلارنى ياخشى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە، كېلەچەك ئۈچۈن ساقلاپ قويۇشقىمۇ سەل قارىمايدىغان بولىدۇ. بۇنداق ساقلىنىدىغان ھۆججەت - ئىسپاتلارنى ساقلىغۇچى ئۇنىڭغا تولۇق ئىزاھات يېزىپ، قانداق بىر تەرەپ قىلىنغانلىقىنى خاتىرىلەيدۇ. بۇنداق ھۆججەت - ئىسپاتلار كېلەچەكتە كىملەرگىدۇر لازىم بولۇش بىلەن بىر چاغدا، تارىخنى يورۇتۇپ بېرىش رولىنى ئويناپ، قىممەتلىك بايلىققا ئايلىنىدۇ.

2. ساقلايدىغان ھۆججەت - ئىسپاتلارنى تۈرلەرگە ئايرىپ

قويۇش، رەت - رېتى بىلەن تۈپلەپ ساقلاش كېرەك.

3. ساقلاش جەريانىدىكى بىخەستەلىكتىن ساقلىنىش كېرەك. بۇ دېگەنلىك يوقاپ كېتىشتىن، ئوت، سۇ، چاشقان قاتارلىقلارنىڭ زىيان سېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

4. خاتىرە قالدۇرۇش كېرەك. ساقلىغان ھۆججەت - ئىسپاتلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى، ساقلىنىشى، تۈرگە ئايرىلىشى ھەققىدە ئېنىق خاتىرە يېزىپ قويۇش كېرەك.

5. كۆپەيتىپ قويۇش كېرەك. بىر قىسىم ھۆججەت - ئىسپاتلارنى ساقلىغاندا، ئۇنى كۆپەيتىپ، قوشۇمچە نۇسخىلىرىنىمۇ ئايرىم، زاپاس قىلىپ قويۇش كېرەك.

6. نومۇر سېلىش كېرەك. ساقلىغان ھۆججەت - ئىسپاتلارغا نومۇر سېلىش، مۇقىم ئورۇندا قويۇش، مۇندەرىجە تۈرگۈزۈش ناھايىتى مۇھىم ئىش. بۇ ھۆججەت- ئىسپاتلارنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن بىرگە، پايدىلىنىش قېتىم سانىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولىدۇ.

ئادەتتىكى ھۆججەت - ئىسپاتلارنى ساقلىغاندىمۇ مۇشۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىش كېرەك. ئۇ ئەكس سادالارنىڭ دەككىسىنى بېرىشتە، ھەققانىي ھوقۇقنى قوغداشتا ناھايىتى مۇھىم. شۇڭا يوقاپ كېتىشتىن، يىرتىلىپ كېتىشتىن ساقلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

# نېسى قالغان مال پۇلى ھۆججەتنى كىم يېزىشى كېرەك؟

بەزىلەر بۇنىڭغا مال پۇلى كىمدە قالسا شۇ يازسا بولىدىغۇ؟ دېيىشى مۇمكىن. بىراق بۇ قارىماققا شۇنداق تۇرىدىغاندەك قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇنىڭغا يۈزە قاراشقا زادىلا بولمايدۇ.

بىز ئەينى چاغدا مىنېرال سۇيىنى سېتىش، بازار ئېچىشقا قاتناشقاندا، بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ساۋاققا ئىگە بولدۇق. بىزنىڭ بىر نەپەر مال ساتقۇچىمىز مەلۇم ناھىيەدىكى ۋاكالىتەن ساتقۇچىغا مىنېرال سۇنى ئاپىرىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ھۆججەت يازدۇرغان ھەمدە ئۇنى بىزگە ئەكېلىپ ئۆتكۈزگەن. شۇ چاغدا بۇ ھۆججەتنىڭ كاۋىكى يوقتەك قىلغان. نەچچە ئايدىن كېيىن، ھېلىقى ھۆججەتنىڭ چاتىقى چىقىپ قالدى. ئەسلىدە قالغان سۇ ۋە ئۇنىڭ پۇلى 950 يۈەن بولسىمۇ، ھۆججەتتە 1950 يۈەن بولۇپ قالغان. بىز ھېسابات قىلغان چاغدا نۇرغۇن تالاش - تارتىش ۋە زىددىيەت كېلىپ چىقتى. مال سېتىۋالغۇچىنىڭ مەن ئۇنداق يازمىدىم، ئۇنداق ئەمەس ئىدى دېگەن گېپىنىمۇ ئاساسىنى تاپالمىدۇق. بىزنىڭ مال ساتقۇچىمىزنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن مېلىم شۇ ئىدى، ئارتۇق قىلىۋالغان ئىش يوق دېگەن گېپىگىمۇ بىر نەرسە دېيەلمىدۇق. قەرزدار خاتىرە قالدۇرمىغان، تىزىملاپمۇ قويمىغان. پەم ئىشلىتىپ «950» دېگەن سانىنىڭ ئالدىغا چاندۇرمايلا «1»نى قوشۇپ سانىنى ئاۋۇتۇپ، ئارىدىن 1000 يۈەن پايدا ئېلىشنىڭ يولىغا كىرگەنىكەن. بۇ يەردىكى

يېتەرسىزلىك ھۆججەتنىڭ رەقەم بىلەن يېزىلىشىنى يېزىپ، خەت بىلەن يېزىلىشىنى يازمىغانلىقىدا ئىكەن. مال ساتقۇچى خادىم قەرزدارنىڭ دەل مۇشۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ بايىقىدەك قىلغان.

بۇ بىزگە نۇرغۇن نەرسىنى ھېس قىلدۇردى ۋە بۇ ھەقتە قايتا ئويلىنىش زۆرۈرىيىتىنى يۈكلىدى. بۇ ئىشتا بىرقەدەر مۇكەممەللىك بولمىغان. بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ بىرىنچىدىن، قەرزدار بەرگەن ھۆججەتنىڭ يەنە بىر نۇسخىسىنى ساقلاش؛ ئىككىنچىدىن، تىزىملاپ خاتىرە قالدۇرۇش؛ ئۈچىنچىدىن، ھەقدارغا شۇ ھۆججەت ـ ئىسپاتنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ئىسپاتى يازدۇرۇش؛ تۆتىنچىدىن، ھۆججەتنى ئۆلچەملىك، جانلىق، قانۇنلۇق، شامال كىرمەيدىغان يېزىش؛ بەشىنچىدىن، گۇۋاھ، ئىسپاتچى، كېپىللىك قىلغۇچى بولۇشى كېرەك.

# يالغان ھۆججەتنىڭ راستقا ئايلىنىشى

كونىلاردا: «ئادەمنى قارا باسسا، ھەر بالا كېلىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. قەرز ھۆججىتى يېزىپ بېرىش ئىشلىرىدىمۇ قارا باسىدىغان ئادەملەر ئاز ئەمەس. بىر تامچى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچىغا قۇرۇلۇشنى ۋاقتىدا پۈتكۈزۈپ بېرەلمىدىم دېگەن ھۆججەتنى يېزىپ بېرىپ زىيان تارتقانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ مۇشۇ بىرلا ئىش ئەمەس، بەلكى تەكرار يۈز بېرىدىغان، بىر كىم توسۇپ باقمىغان ئاممۋى ھەرىكەت دېسە بولىدۇ. بىر قېتىم مەلۇم بىر ئەمەلدار ئۆزى خەجلەپ كەتكەن پۇلغا بىر دوستىنى يالغان ھۆججەت يېزىپ بېرىشكە دەۋەت قىلغان. ئۇ دوستىنىڭ خاپىلىق تارتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، شۇنداق قىلسا قۇتۇلۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس دەپ 200 مىڭ يۈەن پۇلنى پالانىدىن قەرز ئالدىم، دەپ يېزىپ بەرگەن. مۇپەتتىش قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ ھۆججىتى چىققان، تەكشۈرگۈچىلەر ئەسلىي قەرزداردىن پۇلنى سۈيلىگەندە، ھېلىقى دوستىدا بارلىقىنى ئېيتقان. بىراق پۇل ئورنىغا دەرھال كەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىپ تۈرمىگە ئەكىرىپ كەتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ جىنايىتىدىن ئەنسىرەپ ھېلىقى پۇل قەرز بېرىش ھۆججىتىنىڭ يالغان ھۆججەت ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالمىغان. بۇ پۇل بىردىنلا راستقا ئايلىنىپ، يالغان ھۆججەت راست ھۆججەت بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇ ھۆججىتىنىڭ يالغانلىقىنى ھەرقانچە دېگەن بولسىمۇ، يېتەرلىك پاكىت تاپالمىغان، پۇلنى يەۋالغۇچى يالغان ھۆججەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغان. ھەش - پەش

دەپ بولغۇچە 200 مىڭ يۈەن يالغان ھۆججەت يېزىپ بەرگۈچىنىڭ شىللىسىگە چۈشكەن. كەسكىن سىناققا دۈچ كەلگەن ئەسلىدىكى قەرزدار ۋىجدان، ئەخلاق، ئار ـ نومۇس ۋە سەممىيەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ قۇتۇلۇشى ۋە شۇ چاغدىكى جىنايى جاۋابكارلىقىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، قارا نىيەت، سۈيىقەست بىلەن دوستىنى قۇربانلىق قىلىۋەتكەن.

بۇ چوڭ بىر ئىش. ئادەتتىكى ئىشلاردىمۇ بۇنداق ئىشلارنى كۆپ قېتىم ئۇچراتتۇق. يالغان ھۆججەت ـ ئىسپات يېزىپ بەرگۈچىلەر كۆپ ھاللاردا ئەسلىي قەرزدارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىش، ياخشى كۆڭلىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. بىراق ئۇلار شۇ ئىشنىڭ كېيىنكى پاجىئەلىك ئاقىۋىتىگە سەل قارايدۇ. بۇنداق ساختا ـ يالغان ھۆججەت ـ ئىسپات يېزىپ بېرىش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. بىراق، بىز ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىگىمۇ سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى ئەسلىي قەرزدار ئۆلۈپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ بالىچاقىلىرى جاۋابكار بولىدۇ ياكى ئاشۇ خىل زىددىيەتلىك توقۇنۇش كېلىپ چىقسا، يېزىپ بەرگۈچىنىڭ بېشىغا چىقىدۇ. مۇبادا قەرز ھۆججەت ـ ئىسپاتىنى يېزىپ بەرگۈچى ئۆلۈپ كەتسىمۇ، قەرز ھۆججىتىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان ئادەم چىقىدۇ. شۇڭا بۇنداق ھۆججەت ـ ئىسپاتنى ئىمكان بار يېزىپ بەرمەسلىك كېرەك. يېزىشقا توغرا كەلسە، ئىككى تەرەپ توختام تۈزۈش كېرەك. پەقەت بولمىغاندىمۇ ئەسلىدىكى قەرزدار ئىسپات يېزىشى ۋە كاپالەت بېرىشى كېرەك. بۇ ساختا، يالغان ھۆججەت ـ ئىسپاتنىڭ راستقا ئايلىنىپ قېلىشىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، نۇرغۇن ئۇقۇشماسلىق ۋە زىددىيەت، زىيانلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

# ۋاقتى ئۆتكەن قەرز ۋە قەرز ھۆججەتلىرىنى ماھىرلىق بىلەن يېڭىلاش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك

مەلۇم سەۋەب ۋە ئامىللارنىڭ تۇسالغۇ بولۇشى تۈپەيلىدىن قەرز پۇل ۋە قەرز ھۆججەتلىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىجراسى ئەمەلىيلەشمەي قالىدۇ. ئۇنى تاشلىۋەتكىلى، بولدى قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. بىراق ئۇنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يېڭىلاش زۆرۈر بولىدۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا قانۇنىي ۋاستىلەرنى قوللىنىش زۆرۈرىيىتى بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ياخشى نەتىجىگە ئىگە بولغىلى بولمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭ ۋاقتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرسەك ۋە ۋاقىت جەھەتتىكى يېڭىلىقىنى قوغداپ قالساقلا، قەرز پۇلى ياكى ھۆججەتنى كۈچكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. قەرز پۇل، قەرز ھۆججەتلىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىق، سۈيلەپ تۇرۇش، سۈيلەش نەتىجىسىنى خاتىرىلەش ياكى قەرزدارنىڭ ۋەدىسىنى يېزىپ قول قويدۇرۇپ قويۇش ياكى بولمىسا، ئۇلارنىڭ ۋاقتىغا قاراپ، قەرز پۇل، قەرز ھۆججەتلىرىنىڭ ۋاقتىنى يېڭىلاپ تۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن - ئۆتمىگەنلىكىنى قانۇندىكى سۈرۈك ۋاقتىغا تەتبىقلاش ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ. سۈرۈك ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىش - كەتمەسلىكى قەرزنىڭ ئىزاھلىنىش ئەمەلىيىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن، توختام تۈزۈلگەن قەرزلەردە ۋاقتى بېكىتىلگەن بولسا؛ قەرز ھۆججىتىدە پالانى ۋاقىتقىچە دېيىلگەن بولسا؛ شۇنىڭدەك باشقا شەكىلدە، يەنى قانۇن بويىچە دېيىلگەن بولسا. ۋاقتى ئۆتمەيدىغان قەرزلەرمۇ

بولىدۇ. مەسىلەن، بۇ قەرزنىڭ ۋاقتى ئۆتمەيدۇ، بۇ ھۆججەتتىكى پۇلنى قايتۇرۇپ بولغۇچە ۋاقتى ئۆتمەيدۇ، بۇ ھۆججەت داۋاملىق كۈچكە ئىگە، بۇ ھۆججەت قانۇندا بېكىتىلگەن 20 يىل دېگەن مۆھلەتكىچە كۈچكە ئىگە، دېيىلگەن بولسا.

ئۇنداقتا ۋاقتى ئۆتكەن قەرزلەرنى قانداق قىلغاندا يېڭىلىغىلى بولىدۇ؟

## 1. قانداق قول سېلىشنى قارار قىلىش كېرەك

بەزى ئادەملەر قەرز پۇل، قەرز ھۆججەتلىرىگە بەك ئېغىر مۇئامىلە قىلىدۇ، يۈزى قېلىنلىق قىلىدۇ ياكى ساختىلىق ئىشلىتىپ، مەسئۇلىيىتىنى ۋاقتىدا ئادا قىلمايدۇ. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ۋاقتىنى ئۆتكۈزىدۇ، مەسئۇلىيەتنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنىدۇ ھەمدە قەرزنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە، ئۇنى يېڭىلاشقا زادىلا ئۇنىمايدۇ. بۇنداق ئادەملەرگە تولىمۇ ئەستايىدىل قاراش، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئېنىقلاش، شۇ ئاساستا قەرزنى ئېلىش ياكى يېڭىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يوچۇقىنى تېپىپ، شۇ يەردىن قول سېلىش كېرەك. بۇ دېگەنلىك ئۇنىڭ شۇ بىر ئىشقا نىسبەتەن ئاجىز دەپ قارىغان تەرىپىدىن پايدىلىنىپ، قول سېلىپ، مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بىر ئادەمنىڭ نومۇس قىلىدىغان، باشقىلاردىن تەپ تارتىدىغان تەرەپ، نۇقتىسى بولىدۇ، دەل ئاشۇ نازۇك تەرەپنى تۇتۇپ، پەم بىلەن ۋاقتىنى يېڭىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

## 2. تەدبىرنى ئۆزگەرتىش كېرەك

بەزىلەرگە قوللانغان ئۇسۇل ياخشى ئۈنۈم بەرمەيدۇ. بۇنى باشقىچىرەك ئۇسۇلغا بۇراپ بېقىش كېرەك. بەزىلەر بۇنىڭغا ئالاھىدە تەدبىر قوللىنىش، تەدبىر ئويلىشىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارايدۇ. بۇ توغرا بولمىغان قاراش. كونىلاردا «غاز گۆشى

يەيمەن دېسەڭ، غازنىڭ پېيىدە بول» دەيدىغان ھېكمەت بار. بىز قەرزنى يېڭىلاشنىڭ كويىغا چۈشكەندىمۇ مۇشۇنداق ئۇسۇلنى قوللانماي بولمايدۇ. بۇ يەردىكى ئاقىدىغان تەدبىر يەنىلا شۇ ئادەمنىڭ ئومۇمىي ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

### 3. بىرلىشىۋېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك

بەزى قەرزلەرنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق جاۋابكارى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قەرزدارلىقىنىڭ ۋاقتى ئۆتسە، ئېنىقكى، ئۇنى يېڭىلاش بەك قىيىنغا چۈشىدۇ. بەزىدە ئۇ ئادەملەر تەبىئىيلا بىرلىشىۋېلىپ، ھەقدارنى ئوڭدا قويۇشقا تۇتۇش قىلىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم تۇتۇش، ئايرىم - ئايرىم مەجبۇرىيەت ئۆتەشكە كۆندۈرۈش كېرەك.

### 4. قاتتىق بولۇش كېرەك

ۋاقتى ئۆتكەن قەرز پۇل ۋە قەرز ھۆججەتلىرىنى يېڭىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا قەتئىي، چىڭ، كەسكىن بولۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى ۋە زىيانلىرىنى تولۇق چۈشەندۈرۈش، ئەمەلىي ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. سەۋەب - نەتىجىلىرى ۋە كېيىنكى ئالاھىدە تەرەپلىرىنى سۆزلەپ قايىل قىلىش كېرەك.

### 5. ھېسداشلىق قىلىش كېرەك

بەزىدە ئادەملەر ئۆزىدىكى ئاجىزلىق ۋە كەمچىلىك، مادارسىزلىقى بىلەن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالماي بىچارە بولۇپ قالىدۇ ياكى شۇ سەۋەب بىلەن قېچىۋالىدۇ. بۇنداق چاغدا ئاشۇ خىل ئادەملەر ھېسداشلىقتا، تەسەللىگە بەكرەك ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ھەقدار قارشى تەرەپنىڭ مۇشۇ خىل خاسلىقىنى نەزەردە

تۇتۇپ، ھېسداشلىق قىلىش، ياردەم قىلىش، كۆيۈنۈش تۇيغۇسىدا بولۇپ ياخشى سۆز، ياخشى تەكلىپلەرنى بېرىپ، كۆڭلىنى ئېلىش كېرەك. بۇ ھەقدارغا مايىل بولۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

### 6. دوق قىلسا دوق قىلىش كېرەك

بەزى قەرزدارلار ھەقىقەتەن قېتىۋالىدۇ. ئۇلارغا چىرايلىق گەپ، ئوبدان مۇئامىلە كار قىلمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر ھامان پوپوزا قىلىپ ئۆزىنى قاچۇرىدۇ ياكى قەرزدىن قورقمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مايىللىقىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىدۇ. بۇنداق ئادەملەرگە سىلىق مۇئامىلىنى قاتتىق مۇئامىلىگە، يېنىك پوزىتسىيەنى قاتتىق پوزىتسىيەگە ئۆزگەرتىش، بىر تۇتقانچە چىڭ تۇتۇش، قويۇپ بەرمەسلىك، ھەتتا زېرىكتۇرۇپ، جىلە قىلىپ، مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

### 7. ۋەدە ئېلىش كېرەك

ۋاقتى ئۆتكەن قەرز پۇل ۋە قەرز ھۆججەتلىرىنى يېڭىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا بەزىلەرنى زادىلا يېقىن يولاتقىلى بولمايدۇ، ئۇنداقلار ئىلگىرى يازغانلىرىمىز، دېگەنلىرىمىز ھېساب دەپ تۇرۇۋالىدۇ. بۇنداق چاغدا دەل مۇشۇ گەپلەرنى يېزىپ بېرىشكە دالالەت قىلىش، يازدۇرۇش ياكى ئۆزى يېزىپ قولىنى قويدۇرۇش كېرەك. ۋەدە بەرسىمۇ شۇنى يېزىققا ئېلىش كېرەك.

### 8. يېڭىلاپ تۇرۇش كېرەك

قەرز پۇل ۋە قەرز ھۆججەتلىرىنىڭ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتمەسلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يەنە بىر يولى قايتۇرغان پۇلنى ھەر قېتىم ئالغاندا، بىر قېتىم ئىلگىرىكى ھۆججەت - ئىسپاتنى بىكار قىلىپ، قالغان قىسمىغا قايتا يېڭىلاپ ھۆججەت - ئىسپات يېزىش، شۇنداقلا ھەقدار ھەر قېتىم ئالغان

پۇلغا ئالغانلىق ئىسپاتى يېزىپ بېرىشتۇر. مانا بۇ قەرز ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى، قاتماللىشىپ قېلىشىنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 9. يەنە قەرز بېرىش كېرەك

بەزى ۋاقتى ئۆتكەن قەرز پۇل ۋە قەرز ھۆججەتلىرىنى يېغىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مەلۇم نىسبەتتە قايتا قەرز بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. بۇنداق بولغاندا، ئەسلىدىكى قەرزمۇ يوقالمايدۇ. يېڭى قەرز ياخشى تەسىرىنى كۆرسىتىپ، قەرزدارنى تەسىرلەندۇرۇش، يۇمشىتىش رولىنى ئويناپ، قەرزدارنىڭ مايىللىقىنى ئاشۇرىدۇ. بۇنى بەزىلەر پاسسىپ ئۇسۇل دەپ قارايدۇ. ئەمما مەلۇم جەھەتتىن ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ. بۇ يەردە بېرىلىدىغان قەرز پۇل قەرز پۇلنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى ئەسلىدىكى قەرز پۇلنى ئېلىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بېرىلگەن بولىدۇ. ئۇ قانداقتۇر قەرزى بار ئادەمگە تەكرار قەرز بېرىش بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. بۇ يۇقىرىدا بايان قىلغان قەرزدارغا يەنە قەرز بېرىشكە بولمايدۇ، دېگەن قائىدىگە چۈشمەيدۇ.

# قول قولنى تونۇيدۇ

بىرسىنىڭ قەرزىنى بىرسىدىن ئېلىۋېلىش، بىرسىنىڭ مۈلكىنى يەنە بىرسىنىڭ قەرزگە ھېسابلاپ بېرىش ئىشلىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. لېكىن، بۇنىڭ ئاز قىسمى مۇۋاپىق بولسىمۇ، كۆپ قىسمى مۇۋاپىق بولمايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، بۇنداق قىلىشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ. بولۇپمۇ قەرزدار ۋە قەرزدارنىڭ قەرزدارلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ئادەم رازى بولمايدۇ. بۇ بىر قارىماققا بىراۋنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ توپا تىقىش، بوزەك قىلىش، بىھۇدە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىشتىن باشقا ئىش ئەمەس. بۇنداق نارازى قىلىش ۋە نارازى بولۇش كەيپىياتى شۇ بىر تۈركۈم ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى بىردەكلىكىنى بۇزۇپ، يىرىكچىلىك پەيدا قىلىدۇ. ھەتتا بەزى زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ قويىدۇ.

مەن كۆپ قېتىم شۇنداق ئىشقا بىۋاسىتە ئۇچرىدىم دېسەممۇ بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىرلا مىسالنى ئالسام، ئالدىنقى يىلى سىڭلىمنىڭ ئەر تەرەپ تۇغقانلىرىدىن بىرى شەھەرگە كېلىپ، پۇلى تۈگەپ قېلىپ مەندىن 2000 يۈەن سوراپ ئېلىپ كەتتى ۋە يۇرتقا بېرىپلا بانكىدىن ئەۋەتىدىغان بولدى. كېيىن بۇ پۇلنى ئەۋەتكەن - ئەۋەتمىگەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىش ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. قۇربان ھېيتتا ھېلىقى كىشىنىڭ ئۆيىگە پەتىلىدۇق. شۇ چاغدا ئۇ كىشى پۇلنىڭ گېپىنى قىلىپ، مېنىڭ تازا ۋاقتىدا ئەسقاتقانلىقىمنى ماختاپ كەتتى. شۇ چاغدا

پۇل بەرگىنىم ئېسىمگە كەلدى. مەن بۇ ئالاھىدە تىلغا ئالغۇدەك ئىش ئەمەس، دەپ ئۇزاپ كەتتىم. پۇلنىڭ گېپىنى قىلىپ پۇلنى بەرمىگىنىدىن ئەجەبلەندىم. سىڭلىمغا بۇ گەپنى پۇراتسام، ئۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ پۇلنى يۇرتىمىزدىكى ساۋاقدىشىم، ئەڭ يېقىن دوستۇم R غا بېرىپ قويغانلىقىنى دەپتۇ. كېيىن ئۇ پۇلنى نېمىشقا ماڭا ئەۋەتىپ بەرمىگەندۇ دەپ ئويلىنىپ قالدىم. مەلۇم بولدىكى، مەن بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا يېزىدا دېھقانچىلىق قىلىدىغان بىر تۇغقىنىمىزغا پۇل لازىم بولغاندا، بۇ دوستۇمغا بۇيرۇپ بېرىپ تۇرۇشنى، كېيىن مەن ئۇ پۇلنى دوستۇمغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىمنى، تۇغقىنىمىزدىكى پۇلنى كۈز كەلگەندە ئۆزۈم ئېلىۋالىدىغانلىقىمنى دېگەن ئىكەنمەن. بىراق، مەن بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن ھەم ئۇ پۇلنى تۇغقىنىمىز ئۆزى بېرىپ تۈگەتكەن بولسا كېرەك، دەپ قاپتىمەن. بىراق ھېلىقى تۇغقىنىمىز بەرمىگەن ھەم قاتناش ۋەقەسىدە قازا قىلىپ كېتىپ، ئۇ ئىشلارمۇ ئىزى يوق غايىب بولغان. مەن ئەمدى ئارتۇقچە گەپ قىلسام بولمايتتى.

بۇ ئىشلار ماڭا ساۋاق بولدى. بۇنداق ئىشلار بەلكىم مېنىڭ ھاياتىمدا، تۇرمۇشىمدىلا يۈز بەرگەن بولۇپ قالماستىن، سانسىزلىغان ئادەملەرنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن. ھەتتا تەكرار ئۆتكەن بولۇشى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تەكرار ئۆتۈشى مۇمكىن. ئەمما، ھەممە ئادەمنىڭ مەندەك ساۋاق ئېلىپ كېتىشى ناتايىن. ئاشۇ خىل ئەھۋالدىن ساقلىنىش كېرەكمۇ - يوق؟ بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟ بىرىنچىدىن، بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە قەرز ھۆججىتى تۇرغۇزۇش، خاتىرىلەپ بالانس قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، كىم قەرزدار بولسا، شۇ جاۋاب قىلىش، ئۇنىڭ مۈلكىنى بۇنىڭغا، بۇنىڭ مۈلكىنى ئۇنىڭغا تۇتۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. بۇ ئىشتا پەقەت قول قولنى تونۇش تەرتىپىنى قوللىنىش ئەڭ ئاقىلانىلىك بولىدۇ.

بۇ يەردە مەن يەنە مۇنداق بىر ئىشنى مىسال قىلاي: ئۈرۈمچىگە كېسەل داۋالاتقىلى بارغان بىر نەۋرە ئىنىم پۇلغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قېلىپ، مەندىن 5000 يۈەن قەرز پۇل سوراپ تېلېفون قىلدى. شۇ چاغدا مەن ئىچكىرىدە ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىشتە بولۇپ، يول ئۈستىدە ئىدىم. شۇ چاغدا مېنىڭ بىر خىزمەتدىشىم كېسەل داۋالاتقىلى بېرىپ، نەۋرە ئىنىم بىلەن بىر ئۆيدە داۋالىنىۋاتقان ئىكەن. نەۋرە ئىنىم پۇلنى شۇ خىزمەتدىشىمدىن ئالىدىغان بولدى. مەن تېلېفوندا خىزمەتدىشىمغا قەرز بېرىش، ھۆججەت - ئىسپات ئېلىشنى، بۇ پۇلنى مەن ئۈرۈمچىگە بارغان ھامان بېرىدىغانلىقىمنى دېدىم. ئىش شۇنداق پۈتتى. ئېكسكۇرسىيەدىن قايتىپ كېلىپ، ئۇلارنى دوختۇرخانىغا كىرىپ يوقلىدىم ھەمدە نەۋرە ئىنىمگە 5000 يۈەن بېرىپ ھۆججەت يازدۇردۇم. ئۇ:

— خىزمەتدىشىڭغىمۇ ھۆججەت يېزىپ بەرگەن ئىدىم، قەرزىم شۇ تاپتا 10 مىڭ يۈەن بولۇپ قالدى. بۇ پۇلغا مەن ھۆججەت يازمىسام، بۇ پۇلنى خىزمەتدىشىڭغا بېرىپ، ئۇنىڭدىكى مېنىڭ ھۆججىتىمنى ئېلىۋالساڭلا بولماسمۇ؟ — دېدى. مەن مۇنداق دېدىم:

— ياق، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، ئىش مۇرەككەپ بولۇپ كېتىدۇ. مەن بەرگەن قەرز پۇلنى ئۇدۇل خىزمەتدىشىمدىن ئالغان قەرزگە ئەكىرىپ، يېزىپ بەرگەن ھۆججىتىڭنى ئېلىۋالساڭلا بولىدۇ. چۈنكى قول قولنى تونۇيدۇ . ئىشنىڭ يولى شۇ. كېيىن مەسىلە كېلىپ چىقمايدۇ. مۇبادا پۇلنى مەن ئەكىرىپ بېرىپ، ھۆججەتنى ئېلىۋالسام، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ھۆججەت ماڭا يازغان ئەمەس، باشقىلارغا يازغان ھۆججەت بولۇپ، تالاش - تارتىش كېلىپ چىقسا قانداق قىلىمىز؟

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

— مۇمكىن! چۈنكى بىز مەڭگۈ بىر خىل، ئىناق ئۆتۈپ

كېتىشىمىز ناتايىن. شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ، مۇناسىۋىتىمىز ناچارلىشىپ قالسىلا، مەن خىزمەتدىشىمغا يېزىپ بەرگەن ھۆججەتنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ سەندە پۇلۇم بار دېسەم، تازا مۇۋاپىق بولمايدۇ. سەن ئۇ چاغدا ئېتىراپ قىلماسلىقىڭ مۇمكىن. سوتقا بارساقمۇ سېنىڭ ئەمەسكەن دەيدۇ. گەرچە ئۇ ھۆججەتنى مېنىڭ خىزمەتدىشىم ماڭا تەۋەلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ پاكىت بەرسىمۇ، سەن ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىساڭ، مەن ئۇ چاغدا خىزمەتدىشىمغا يالۋۇرۇپ، ئۇنىڭ نامىدا قەرزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ يولىنى قىلىشىم كېرەك.

— نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟

— بۇ يەردە مۇنداق بىر ئىش بار: تەرتىپ بويىچە سەن خىزمەتدىشىمدىكى ھۆججەتنى ماڭا كۆچكە ئىگە قىلىپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەتدىشىم مېنىڭ تۆلىگەنلىكىم ھەققىدە ئىسپات يېزىشى، سەن ئۇنىڭغا قول قويۇپ، ئېتىراپ قىلىشىڭ، مەن قوبۇل قىلىشىم كېرەك. شۇ چاغدا بۇ ھۆججەتنىڭ ئىگىسى سەن، ھەقدارى مەن بولىمەن. بۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە بىر توختام شەكىللىنىدۇ. قەرزدار بىلەن ھەقدار ئېنىق، خاسلىق روشەن بولىدۇ. بولمىسا، سەن ئېتىراپ قىلمىغان ئەھۋالدا ھۆججەتكە ئىسمى چۈشكەن ھەقدار ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىككىنچى بىر كىشى، يەنى ماڭا ھاۋالە قىلىشى كېرەك. مۇبادا مېنىڭ ئاشۇ خىزمەتدىشىم نامەردلىك قىلىپ، بۇ ھۆججەتتىكى پۇل مېنىڭ، دەپ تۇرۇۋالسا قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ؟ چۈنكى بۇنداق ئېھتىماللىقلارمۇ كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن بولۇپ، ئاۋارىچىلىك تارتقان ئادەملەر ئاز ئەمەس. ئەگەر مېنىڭ ھېلىقى خىزمەتدىشىم ھۆججەتنىڭ ئەسلىسىنى قولغا چۈشۈرۈپ ياكى كۆپەيتىلمىسىنى قولغا چۈشۈرۈپ، مېنىمۇ، سېنىمۇ تاشلاپ قويۇپ، كۆزىنى يۇمۇپلا سوتقا سېنىڭ ئۈستۈڭدىن ئەرز قىلسا، سوت ئېنىقلا ئالدى بىلەن 5000 يۈەننى ماڭا بۇيرۇماستىن ئۇنىڭغا بۇيرۇيدۇ. سەندىن ئىجرا

قىلىپ، ئۇ 5000 يۈەن ھارام پايدا ئالىدۇ. ئۇ چاغدا زىيان تارتىدىغىنى مەن بولىمەن. سەن ھەسرەتتە قالىسەن.

— ئۇ شۇنداق بولىدىكەن راست. مەن ئويلىنىپ باقمىغان ئىش ئىكەن جۇمۇ بۇ! كىشىلىك تۇرمۇشتا شۇنداق ئىشنىڭ بولمايدىغانلىقىغا ھېچكىم ھۆكۈم قىلالمايدۇ. چوقۇم شۇنداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ.

— ئەمدى قارا، سەن ئاشۇ ھۆججەتنى ھېساب قىلساق بولاتتى دېسەڭ، ھېچبولمىغاندىمۇ ھۆججەتنىڭ ئاستىغا بۇ پۇلنى مېنىڭ بەرگەنلىكىم، خىزمەتدىشىمنىڭ مەندىن تاپشۇرۇپ ئالغانلىقى، سېنىڭ قوشۇلغانلىقىڭ ھەققىدىكى ئاساسلارنى قەرز ھۆججىتىگە ئىزاھلاپ، قول قويۇپ كۈچكە ئىگە قىلىپ قويۇش كېرەك. شۇ چاغدا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك تۈگەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق ئىشلاردا بۇ ئالاھىدە ئىشنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمە. ئەڭ ياخشى ئىش شۇكى، پۇلنى سەن ئالدىڭ، يەنە سەن ئاشۇ ئالغان ئادەمگە قايتۇر. بۇ ئىشنىڭ توغرا يولى.

— بۇنى بەزىدە ئادەم پەقەت ھېس قىلمايدىكەن، ئويلىنىپمۇ ئولتۇرمايدىكەنمىز. كونىلارنىڭ قول قولنى تونۇيدۇ دېگىنىنىڭ ئاساسى بار ئىكەن.

مەن نەۋرە ئىنىمغا چۈشەندۈرگەن بۇ ئىش ئۇنىڭ ئىدىيەسىنى ئازاد قىلىش بىلەنلا كۇپايە قىلمايتتى. بۇنى كەڭ تەشۋىق قىلىشقا، توغرا يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇنداق ئىشتا كۆپ قېتىم بۇرنۇمغا سۇ كىرگەنلىكتىن، نۇرغۇن سورۇنلاردا، مۇشۇنداق ئىشقا دۈچ كەلگەندە، دەرھال ئىزاھات بېرىدىغان، چۈشەندۈرىدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈرۈپ قالدىم.

بىزنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىمىز بۇ خىل ئىشلارغا ئەقىل يۈرگۈزمەيدۇ. سەل قارايدۇ ۋە ئەمەلىي تەتبىقلاپ باقمايدۇ. ئۇنىڭ نەتىجىسى ناچار چىقىپ قالغاندىلا، سەگەكلىشىپ مۇنداق قىلسام بولار ئىكەن دەپ پۇشايمان قىلىدۇ. بىز بىر نەرسىگە يۈزە

قارايدىكەنمىز، بىر نەچچە نەرسە بىزگە تەڭ ھۇجۇم قىلىدۇ، بىر تەرەپكە سەل قارايدىكەنمىز، مىڭ تەرەپ بىزگە نەشتەر سانجىماي قالمايدۇ. بىزنىڭ بۇ خىل يېتەرسىزلىكىمىز سەزگۈر، نەيرەڭچى ئادەملەرگە «بابلاش» پۇرسىتىنى تۇغدۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بەزى ئىشلارنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پىلانلاپ ۋە ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ نەپ ئېلىش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. بەزىلەر يەنە بىرسىدىكى ئالالمىغان قەرزنى ياكى ھەل قىلالمىغان يەنە بىر ئىشنى باشقىلارنىڭ يېتەرسىز تەرىپى، ئاجىزلىقى ياكى ئۆزىدىكى ئىمتىيازدىن پايدىلىنىپ، باشقىلارغا ئارتىپ قويىدۇ. بۇ قاملاشمىغان ئىش بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنى پاراكەندە قىلىدۇ. باشقا بىرقانچە خىل توقۇنۇش، ئاۋارىچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ تامامەن خاتا ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا سوت يوق بولۇشىمۇ، ئەخلاق تاقىشىپ قالماسلىقىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىزدە شۇ ئىشنى ياخشى ھەل قىلغۇدەك مەلۇم ئىقتىدار، تەجرىبە ياكى باشقىلارنىڭ ياخشى ئۇتۇقلىرىنى ئۆرنەك قىلىدىغان ئارتۇقچىلىق بولۇشى كېرەك.

«قول قولنى تونۇيدۇ» شوئارى بىزگە ناھايىتى ياخشى چىقىش يولى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ قەرزىنى بۇنىڭغا، ئۇنىڭ ھەققىنى بۇنىڭغا ئىتتىرىپ بېرىشكە، ئۇنىڭ قەرزىگە بۇنىڭ نەرسىسىنى تۇتۇپ قېلىشقا بولسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇنى بىۋاستە شۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. مۇناسىپ تەرتىپلەرنى ئىجرا قىلىپ، ئاندىن يولغا قويۇش كېرەك. مەسىلەن، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش، قول قويۇش، قانۇنلاشتۇرۇش كېرەك. شۇ چاغدىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىنى تاپالايدۇ. مەسىلە كېلىپ چىقمايدۇ، ئاۋارىچىلىك بولمايدۇ.

# قەرز ھۆججەتلىرىنىڭ ئاخىرىنى ياخشى خۇلاسىلەش كېرەك

بىر نەۋرە تۇغقانلاردىن ئىككىسى بەش يىلنىڭ ئالدىدا قەرز ئېلىم - بېرىمى قىلىشقان. قەرزدار قەرزنى پۈتۈشكەن ۋاقىتتا قايتۇرۇپ بولغان، بىراق ئۇلار قەرز ھۆججىتىنى قايتۇرۇش - قايتۇرۇۋېلىشنى قىلمىغان. قەرزدار قەرزنى قايتۇرۇپ بولدۇم، مەسئۇلىيىتىم تۈگىدى دەپ يۈرگەن، ئۇ ھەقدارغا يېزىپ بەرگەن ھۆججەت - ئىسپاتنى ئېلىۋالمىغان، ھەقدارمۇ قەرز ھۆججىتىنى قايتۇرمىغان ياكى قەرزدارغا بىرەر پارچە قەرز پۇلنى تۆلىتىپ ئالغانلىق ئىسپاتى يېزىپ بەرمىگەن. كۈتمىگەندە ھەقدار قازا قىلىپ كەتكەن. ھەقدارنىڭ بالا - چاقىلىرى دادىسىنىڭ ماتېرىياللىرى ئارىسىدىن ھېلىقى قەرز ھۆججىتىنى تاپقان ھەمدە ھۆججەتنى يازغان تۇغقىنىدىن پۇلنى بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ قايتۇرۇپ بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان، بىراق ئۆزىنى ئاقلايدىغان ھەم قايتۇرغانلىقىغا گۇۋاھ بولىدىغان بىرەر مەنبەنى تاپالمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدا زىددىيەت ۋە يىرىكچىلىك باشلانغان. ئۇلار سوتتا داۋالاشقان، سوت ھەقدارنىڭ دەۋاگەرلىرىگە قەرزنى قايتۇرۇشنى ھۆكۈم قىلغان. نەتىجىدە، قەرزدار بىر قەرزنى ئىككى قېتىم تۆلەشكە مەجبۇر بولغان.

بۇنداق ئىشلار دائىم يۈز بېرىدۇ، بىراق نۇرغۇن ئادەملەر كۆپ خىل سەۋەب بىلەن بۇنداق ئىشقا سەل قارايدۇ. بۇ يەردە بىر نەرسىنى سەمىمىزدىن ساقىت قىلىۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. يەنى

قانداق ئىش بولسۇن، قول قويغان ئىكەنمىز ياكى ھۆججەت ـ ئىسپات يازغان ئىكەنمىز، ئۇنىڭغا تولۇق مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك. مەسئۇل بولۇش، شۇ ئىشتىكى بارلىق مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش بىلەن بىرگە، شۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنى تولۇق تۈگىتىش، تاماملاش كېرەك. بىز يۇقىرىدا دېگەندەك، قول قويغان ئىكەنمىز، ئۇ بىزگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، بىزگە ۋەكىللىك قىلغانىكەن، بىز مەسئۇل بولۇشىمىز، جاۋابكارلىقنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك. بىز بۇ ئىشتىكى بارلىق قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلمىساق، ئاقىۋەتتە بىر قاتار ئىشلارغا جاۋابكار بولۇشىمىز كېرەك. يۇقىرىدىكى مىسالمۇ دەل بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز دائىرىسىدە سەۋەنلىككە يول قويغانلىقىمىزنىڭ، مەسئۇلىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلماسلىقىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىز دائىم قەرز ئېلىم ـ بېرىمدە كۆپ خىل سەۋەب، يەنى ئاق كۆڭۈللۈكىمىز، باشقىلارغا بولغان سەمىمىيىتىمىز، كۆچلۈك ئىشەنچىمىز، ئەقىدىمىز، ئۆزىمىزگە بولغان تەمەننايىمىز ۋە ئۆزىمىزدە بار بولغان ئاجىزلىقىمىز، كېيىنلىكىنى كۆرەلمەسلىكىمىز قاتارلىق ئامىللار بىلەن قەرز ئېلىم ـ بېرىم ھۆججەت ـ ئىسپاتلىرىمىزغا سەل قاراپ قالىمىز، بولۇپمۇ ئۇنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشقا ئېتىبار بەرمەيمىز. ئاقىۋەتتە ئۇنىڭ زىيانلىرىغا ئۇچراپ قالىمىز.

كىشىلىك مۇناسىۋەت تارىخىمنى ئاختۇرسام، مېنىڭدىمۇ مۇشۇنداق ئىشلار تەكرار يۈز بەردى. ئويلىسام، مەن نۇرغۇن كىشىلەرگە قەرز بېرىپ تۇرۇپتىمەن، بەزىلىرى جايىدا بولدى، بەزىلىرى جايىدا بولمىدى، بەزىلىرى ئاز بولمىغان ئاۋارىچىلىكلەرنىمۇ ئېلىپ كەلدى. بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ساۋاق بەردى، تەجرىبە توپلاپ بەردى. بۇ مېنىڭ شۇ ئىشتىن توپلىغان بايلىقىم بولۇپ قالدى. بۇ بايلىق ماڭا ۋە باشقىلارغا

نۇرغۇن بىلىم، ياخشى يوللارنى تەقدىم قىلدى. قەرز بېرىپ ئۆۋالغا قالغان چاغلاردىمۇ ئۆكۈنمىدىم، بەلكىم بىر كۈن ئەمەس، بىر كۈن بېرەر، بىر كۈنلەردە ئۇ پۇشايمان قىلار، بىر كۈن ئەمەس، بىر كۈنى ئالدىمدا خىجىل بولۇپ قالار دېدىم. ئۆزۈمگە ۋە ئەتراپىمدىكىلەرگە هاي بەردىم. مۇشۇ جەرياندا ئادەملەرنى تونۇدۇم، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى نۇرغۇن قىيىن مەسىلىلەرنى چۈشەندىم. باشقىلارنىڭ دەردىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاز بولمىغان يېتەرسىزلىكى، ئارتۇقچىلىقىنى بىلىپ يەتتىم. قىسقىسى، ئادەملەرنى تونۇدۇم. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە قانداق قىلىشنى بىلدىم، ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ بارلىق قاتلاملىرىدىكى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن مۆجىزىلەرنى بايقاپ چىقتىم، خالاس. مانا شۇ ئىشلار قاتارىدا قەرزدارلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تەكرار يازغان هۆججەت ـ ئىسپاتلىرى قولۇمدا قالدى. مەن ئۇلارنى بىرمۇ بىر ساقلىدىم هەمدە قەرزدارنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەردىم، بەزى قەرزلەرنى بۆلۈپ قايتۇرغان بولسا، ئۇنى هەم خاتىرىلىدىم، هەم قەرزدارغا قايتۇرۇۋالغانلىق ئىسپاتى يېزىپ بەردىم. ئاخىردا هەممىسىنى جەملەپ، خۇلاسە قىلىپ، ئالمىدىم ـ بەرمىدىم قىلىپ، ئارىدىكى هېساباتنى ئېنىق قىلىپ، پاكىز مۇناسىۋەتنى هازىرلاپ قويدۇم. مۇبادا ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە قارا نىيەتلىك قىلىپ، نەپ ئېلىش ئويۇم بولسا، بەلكىم ئۇلارنىڭ هەممىسى تەكرار قەرز قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى. بۇنداق قىلىش تولىمۇ ۋىجدانسىزلىق بولىدۇ، ئادىمىيلىك پەزىلەت بولمايدۇ. باشقىلارنىڭ نەرسىلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ شەخسىي پايدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ دەماللىق ئۈنۈمى بولسىمۇ، ئادەم بىر ئۆمۈر شۇنىڭ بىلەن بەختىيار ياشىيالمايدۇ، توققۇزى تەل بولمايدۇ، باشقىلارنى يىغلاتقان ئادەم ئۆزى ئەڭ ئېچىنىشلىق يىغلايدىغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ، خالاس. بۇ يەردە بۇنىڭ ئاچچىق ساۋىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇش هاجەت ئەمەس.

بىر قېتىم شۇنداق بىر ئىش بولدى. بىر قەرزدار ئۇزاق مەزگىلگىچە 5000 يۈەن پۇلۇمنى بەرمىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىرقەدەر يېقىن دوست بولۇپ ئۆتكەنىدۇق. مەن چىش يېرىپ پۇلنى بەرسىلە دېيەلمىدىم. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ كىشى مەندىن يىراقلىشىپ، دوستلۇقىمىز يوقاپ كەتتى دېسەممۇ بولىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ھەرقانچە يېقىنچىلىق قىلىپ باققان بولسامۇ، ئۇ ئارىلىقنى ياتلاشتۇردى. باشقىلارنى ئارىغا سالسام، پۇلنى بەرمەيدىغان گەپنى قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پۇل دېگەن ھەممە ئادەمگە تاتلىق ئىكەن دەپ، سوتقا ئەرز قىلدىم. سەۋەبى بەرمەيمەن دېگەن پۇلنى قانۇنلاشتۇرۇپ قوياي دېدىم. سوتنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى ئالغان ھېلىقى قەرزدار قەرز پۇلنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ ئۆسۈمى قاتارلىقلارنى كۆرۈپ، ئادۋوكاتلارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ، ئەسلىدىكى 5000 يۈەن پۇلنى ماڭا بېرىدىغان بولۇپ كەلدى. مەن سوتتىن ئەرزنى ياندۇرۇۋالدىم. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ماڭا يېزىپ بەرگەن ھۆججىتى سوتتا قالدى. قولۇمدا كۆپەيتىلمىسى بار ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ شۇ پېتى بولدى قىلىش كېرەكمۇ؟ مەن ئۇنداق قارىمىدىم. بىر پارچە ئىسپات خېتى يېزىپ، ھەممە گەپنى ئەسكەرتىپ، بۇ قەرز ھۆججىتىنىڭ پۈتۈنلەي تامام بولغانلىقىنى ئىزاھلاپ، بۇ ئىشنىڭ خۇلاسىسىنى قىلىپ قويدۇم.

مەيلى كىم بولسۇن، مۇشۇنداق ئىشتا چوقۇم بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىش كېرەك. بىر قېتىم بىر تونۇشۇم 7000 يۈەنگە ھۆكۈم قىلىنغان بىر ھەق تەلەپ دېلوسىنىڭ ئىككىنچى سوت ئەرزنى كۆتۈرۈپ كەلدى. قارىسام، ھېلىقى كىشى بۇنىڭدىن سەككىز يىل ئاۋۋال يەنە بىر دوستىدىن بۇ پۇلنى قەرز ئېلىپ، بىرقانچە يىلدا قايتۇرۇپ بولغانىكەن، كۈتمىگەندە، يىللار ئۆتۈپ ئۇلار ئارىسىدا زىددىيەت شەكىللىنىپ قالغان. بۇ چاغدا ھەقدار قەرزدارنىڭ ئەينى چاغدا يېزىپ بەرگەن قەرز ھۆججىتىنى تېپىپ

سوتقا ئەرز قىلىپ، ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپتۇ. ئەينى چاغدا شۇ ھۆججەتنى قايتۇرۇۋالمىغان، خۇلاسە قىلمىغان، تاشلاپلا قويغان. كېيىنكى كۈنلەرگە كېلىپ، ئۇ بىرسىگە زىيان سالغان، يەنە بىرسىگە ئۈچ ئېلىۋېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەن. نۇرغۇن ساۋاقلاردىن مەلۇم بولدىكى، كىشىلەرنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەڭگۈ بىر خىل، تىنچ بولمايدۇ، ھامان بىر كۈن بۇزۇلىدۇ، ئۇلار ئارىسىدا چوقۇم زىددىيەت ۋە توقۇنۇش پەيدا بولىدۇ، چىن دوستلار ئارىسىدىمۇ بۇ خىل ئىجتىمائىي ھادىسە ھامان مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بۇزۇپ، ھەرخىل ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ بايىقىدەك ئۈچ ئېلىش، زىيان سېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارماي قالمايدۇ. شۇڭا كىم بولسۇن، قەرز ھۆججەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، مۇشۇنداق ئىجتىمائىي رېئاللىقنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەسلىكى كېرەك، چۈنكى بۇنداق زىددىيەتلەردە كىشىلەر چوقۇم ئالدى بىلەن ماددىي جەھەتتىن زىيان سېلىشنى ئاساسىي مەنبە قىلىدۇ. مەن ھېلىقى كىشىگە ئىككىنچى سوتقا ئەرز قىلماسلىقنى، بەلكى ھەقدار بىلەن قايتا سۆزلىشىپ، كېلىشىپ، بۇ پۇلنى يەڭ ئىچىدە تۈگەپ بىر تەرەپ قىلىشنى ئېيتتىم. ئىككىنچى سوتقا بارسىمۇ، قەرزدارنىڭ باشقا ئالاھىدە پاكىتى يوق، بۇ ئۇنىڭ زىيانلىرىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. تونۇشۇم ئۇنداقتا ئۇنىڭمۇ بىر چاغدا مەندىن ئالغان قەرزگە يېزىپ بەرگەن ھۆججىتىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى بار ئىدى. ئۇنى كومپيۇتېردا ئەسلىي نۇسخىدەك رەڭ بېرىپ ياساپ، مەنمۇ ئەرز قىلاي دېدى. مەن ئۇنداق قىلماسلىقنى، زىددىيەتنى ئاۋۇتۇپ قويماسلىقنى چۈشەندۈرۈپ توختىتىپ قويدۇم.

ئادەم كىچىك بىر سەۋەنلىككە يول قويسا، ئۇنىڭ ھامان بىر كۈن دەردىنى تارتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا مۇشۇنداق بىر قاتار ئىشلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

بىرىنچىدىن، ھەر ئىككى تەرەپتە سەممىيلىك بولۇش كېرەك. قەرز ھۆججەت - ئىسپاتلىرى ئىجرا قىلىنغاندا، ھەقدارمۇ قەرز ھۆججەت - ئىسپاتلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشى، قەرزدارمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن قايتۇرۇۋېلىشى كېرەك. مۇبادا قەرزدار قەرزنى بۆلۈپ تاپشۇرسا، ھەقدار ھەر قېتىملىق قايتۇرغان قەرز پۇلغا ئىسپات يېزىپ بېرىشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ۋاستىلىك قايتۇرۇشنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. بەزىدە قايتۇرىدىغان قەرزنى قەرزدار ئۆزى قايتۇرماي، باشقىلارنىڭ قولى ۋە باشقىلارنىڭ مال - مۈلكى ياكى ئۈچىنچى بىر خىل يول بىلەن قايتۇرۇشى مۇمكىن. بۇنداق چاغدا، ئوخشاشلا ھەر ئىككى تەرەپ ئېتىراپ قىلىشى، كېڭىشىشى، ئاندىن ھۆججەت - ئىسپاتلارنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا قايتۇرۇش ياكى قايسى خىل يول بىلەن قايتۇرغانلىقىنى ئىزاھلاپ يېزىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، قەرز تاماملاش خاتىرىسى، ئىسپاتى يېزىش كېرەك. چۈنكى ھازىرقى ۋاقىتتا پەن - تېخنىكا ناھايىتى تەرەققىي قىلدى. ئېلېكتىرونلۇق ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ، قەرز ھۆججەت - ئىسپاتلىرىنى يېڭىلاش، تەقلىد قىلىپ ياساش ھادىسىلىرىنى پەيدا بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. تاماملاش ئىسپاتى يازغاندا بۇنداق قىلمىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

بەرمەكلىك ـ چىۋەرلىك
ئالماقلىق ـ زېرەكلىك

# قەرزدارغا يەنە قەرز بېرىشتىن
# ساقلىنىش كېرەك

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك، كىشىلىك تۇرمۇشتا قەرز بېرىش بىلەن قەرز ئېلىش ئىزچىللىق ئىچىدە داۋام قىلىدۇ. قەرز بەرمىسەكمۇ، قەرز ئالمىساقمۇ بولمايدۇ. بۇ پەقەت بىزنىڭ شۇنداق بىر ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئېھتىياجىمىز تۇپەيلىدىن بولىدۇ. ئۇنى يامان كۆرسەك، قارشى تۇرساق ۋە قوبۇل قىلىشنى رەت قىلساق بولمايدۇ. قەرز بەرسەك، پۇلىمىز زىيانغا ئۇچرايدۇ، قەرز بەرمىسەك، پۇلىمىز تۇرۇپ قالىدۇ ياكى ئۆزىمىزنىڭ مەلۇم ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرەلمەيمىز. ئۇنداق بولسا، زادى قانداق قىلىمىز؟ بۇنىڭ بىرلا يولى بار، ئۇ بولسىمۇ، قەرز پۇلنى قايتۇرالايدىغان، ئىشەنچلىك، كاپالەتكە ئىگە ۋە ئۇنىڭ خېيىم - خەتىرىگە ئىگە بولالايدىغان ئادەمگە بېرىمىز. بىز ئۇنداق ئادەمنى قانداق تاپىمىز؟ بۇنىڭ ئۇچۇن مۇنداق تەرەپلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرسەكلا، بىز كۆزلىگەن نىشانغا قىسمەن بولسىمۇ يېتەلەيمىز.

### 1. قەرزدارغا يەنە قەرز بېرىشكە بولمايدۇ

بىز كىشىلىك تۇرمۇشتا كىمدۇر بىرىگە قەرز بېرىپ قالىمىز. بۇ بىزنىڭ سەممىيىتىمىز ۋە ياخشى كۆڭلىمىز. شۇنداقلا بىر خىل ياردەم بېرىپ قوللاش پوزىتسىيەمىز بولىدۇ. بەزىلەر بۇ خىل پۇلنى نۇرغۇن سەۋەب ۋە قولغا كەلتۈرىدىغان نەتىجە ئۇچۇن بېرىشى مۇمكىن. بۇ يەردە بىر نەرسە ئېنىقكى، كىم قانداق ئۇسۇل، قانداق شەكىلدە قەرز بەرسۇن، ئۇ قەرز بەرگۈچىنىڭ

ئىمتىياز ۋە مەنپەئەتى ئۈچۈن بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇ قەرزدارغا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ تەسەللى ۋە ياردەم، كۆيۈنۈش بولىدۇ. بۇ قەرز پۇلنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئىچكى خاسلىقى ۋە كىشىلەر ھېس قىلمايدىغان، ئېنىقلىق دەرىجىسى يوق دېيەرلىك ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن قەرزدار قەرز بەرگۈچى ھەقدارنىڭ بىر قېتىملىق زور ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولغان بولىدۇ. بىر قېتىملىق قەرز سوممىسى مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولسۇن، ئۇ شۇ بىر قېتىملىق مېھىر - شەپقەت، ياردەمنىڭ بارلىققا كېلىشى، تاماملىنىشى بولۇپ، ئۇنىڭ قايتا پەيدا بولۇش دەرىجىسى بەك تۆۋەن بولىدۇ. قايتا قەرز بېرىش بىر خىل قاتماللىق بولۇپ، ھەقدارغا قىلىنغان ھاقارەت ۋە نومۇسسىزلىق بولىدۇ. ئاتا - بوۋىلار ئەلمىساقتىن بىر قېتىم قەرز بەرگەن ئادەمگە ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم قەرز بېرىشنى قاتتىق ئېغىر ئالغان ۋە قارشى تۇرۇپ چەكلەپ كەلگەن. چۈنكى بۇنداق قىلىشنىڭ نۇرغۇن ئىلمىي ئاساسى ۋە كىشىنى قايىل قىلىدىغان تەجرىبە - ساۋىقى بار. شۇڭا بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ خىل چەكلەش ئۆزىنىڭ كۈچىنى ساقلاپ، قەرز ئېلىم - بېرىمدە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. بانكىغا ئوخشاش مۇنتىزىم قەرز تارقىتىش ئاپپاراتلىرى قايتا قەرز بېرىشنى قاتتىق چەكلەش، يول قويماسلىق يولى بىلەن قەرزدارلارنىڭ تېخىمۇ ئېغىر قەرزدارلىق پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشى، زىممىسىدىكى قەرز مىقدارى ۋە قەرز ئۆسۈمىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىنى ئازايتىدۇ ۋە باشقىچە يول تۇتۇپ، قەرزنىڭ ئۆسۈمى بىلەن دىرىنى تېزرەك ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇنى شەخسلەرگىمۇ قوللىنىش ۋە تەتبىقلاشقا باب كېلىدۇ. بىر قېتىم قەرز ئالغان ئادەم سەزگۈر، چېۋەر، سەممىمىي، جاسارەتلىك، دىيانەتلىك ئادەم بولسا، قەرز پۇلىنى ئۆز قەرەلىدە تاپشۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىدۇ. ئۇ چاغدا يەنە قايتا قەرز ئېلىشقا ئاساس سېلىنىدۇ، يول ئېچىلىدۇ. قەرز بەرگۈچىلەرمۇ

ئۇلارغا قەرز بەرسە خاتىرجەم بولۇپ، قانچىلىك دېسە شۇنچىلىك بېرىدىغان بولىدۇ. ئەكسىنچە، ئەسلىدىكى قەرزنى قايتۇرماستىن يەنە قەرز تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭغا قەرز بېرىشكە، ئالدىنقى قەرزنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلماي ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر قاتماللىقى ۋە قاشاقلىقى بىلەن بىر ھەقداردىن باشقا يەنە بىر كىشىدىن قەرز ئېلىشى، قەرزنى قەرز بىلەن قايتۇرۇش يولىنى تۇتۇشى مۇمكىن. بۈگۈن مەندىن، ئەتە سىزدىن، ئۆگۈن ئۇنىڭدىن ئېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئادەملەرنىڭ قەرز ئېلىش يولىنى ئېتىش ئۇچۇن چوقۇم ئۇنىڭ باشقىلاردا قەرزىنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئېنىقلاش، قەرزىنىڭ بار - يوقلۇقىغا قاراپ ، قەرز بېرىش - بەرمەسلىكنى قارار قىلىش، قەرزى بولسا، قەتئىي قەرز بەرمەسلىك، بولۇپمۇ، بىر قېتىم قەرز بەرگەن ئادەمگە، يەنە قايتىلاپ قەرز بېرىشتىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى بىرىنچى قېتىملىق قەرزنى قايتۇرالمايدىغان ئادەمنىڭ ئىككىنچى قېتىم قەرز ئېلىپ قايتۇرغانلىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، ئۇنداقلارغا قايتا قەرز بەرمەي، بەلكى، ئىلمىي ئۇسۇل، يوللارنى كۆرسىتىپ، چىقىش يولى ھازىرلاپ بېرىش كېرەك.

### 2. تەكرار قەرز بېرىشكە بولمايدۇ

بەزى ئادەملەر قەرز پۇل بەرگەندە، قايتا قەرز بېرىش بىلەن بىرگە قەرزدارغا تەكرار قەرز بېرىشتەك بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنالمايدۇ. بەزى ئادەملەر تەكرار قەرز ئېلىش تەكرار قەرز بېرىش يولى بىلەن قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمى ۋە پايدىسىنى قولغا كەلتۈرسىمۇ، بۇمۇ بىر قىسمەنلىك بولىدۇ. بۇنداق قىسمەنلىك قەرز بەرگۈچىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىش بىلەن بىرگە، قەرزدارنىمۇ ئېغىر روھىي، ئىقتىسادىي زىيانلارغا سالىدۇ. ھەقدار تەكرار قەرز بېرىش بەدىلىگە دەمال بىر قىسىم پۇلنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندەك قىلسىمۇ، ئاقىۋەتتە ئۇنىڭ ئۇنۇمى ياخشى بولمايدۇ. بولغان تەقدىردىمۇ قويۇلۇپ كېتىشىنى، قارشى

تەرەپنىڭ تېنىۋېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ھەقدارنى ۋەيران قىلىدۇ؛ قەرزدارنى تەييارتاپ، قەرزدىن قورقماس قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەرز بېسىمىنى ئاشۇرۇپ، كۆتۈرۈش كۈچىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. ئەڭ ئېغىر بولىدىغىنى قەرزدارلىق كۆلىمى كېڭىيىپ، قەرز مىقدارى ئېشىپ، كۆتۈرۈش كۈچى ۋە بەرداشلىق بېرىش كۈچىنى نابۇت قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا قەرزدارغا بىلىپ تۇرۇپ، تەكرار قەرز بەرمەسلىك، تەكرار قەرز بېرىشكە تېگىشلىك بولسا، چوقۇم ئالدىنقى قەرزنى تاماملىغاندىن كېيىن، يەنە تەكرار قەرز بېرىش ياكى بەرمەسلىك زۆرۈردۇر.

### 3. قويمىچىغا قەرز بېرىشكە بولمايدۇ

بۇ ناھايىتى ئېغىر ئىللەت بولۇپ، كىشىلىك تۇرمۇشقا ناھايىتى ئېغىر زىيان سالىدۇ. بۇ خىل ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالغان ئادەملەرنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرى بەك كۆپ بولۇپ، ھەرخىل ۋاستە، ئۇسۇل - چارىلەرنى ئىشقا سېلىپ، باشقىلارغا قىلتاق قۇرۇپ، زىيان سېلىشنى ئويلايدۇ، پىلانلايدۇ. بۇ خىل كىشىلەرگە قەرز بېرىشنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ئوخشاشلا خەتەرلىك بولىدۇ. ئۇنداقلار قەرز پۇلنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ھەر تەرەپلىمە نەيرەڭ ئىشلىتىپ، قويمىچىلىققا كۆنۈپ قالغان ئادىتىنى ئىشقا سېلىپ، قەرز پۇلنى بەرمەسلىك، يەپ كېتىش، ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىنىڭ كويىدا بولىدۇ. ئادەمنىڭ خاراكتېرىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىمۇ ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەش رولىنى ئوينايدۇ. بۇنداق يامان خاراكتېر قەرز پۇلنىڭ خېيىم - خەتىرىنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ. شۇڭا بۇ خىل ئادەملەرگە قەرز بېرىشكە بولمايدۇ.

### 4. ھېسداشلىق قىلىپ قەرز بېرىشكە بولمايدۇ

ئايرىم ئادەملەر قەرز پۇلغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئېغىر قىيىنچىلىق، ئېغىر ھادىسە ۋە ياردەم بېرىش زۆرۈر بولغان ئىشلارنى تىلغا ئېلىپ، كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ قەرز ئېلىشنىڭ

يولىنى ئاچىدۇ، نۇرغۇن ئاق كۆڭۈل ئادەملەر بۇنىڭغا ئالدىنىپ قالىدۇ. ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان ئەھۋالدىمۇ ھېسداشلىقى قوزغىلىپ، قەرز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ھېسداشلىق قىلىپ قەرز بېرىشنى قوللاشقا بولىدۇ، بىراق ئۇنىڭ ھەقىقىي تۇردە شۇنداق ياكى شۇنداق ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاش، دەلىللەش، راستتىنلا شۇنداق بولسا، ئاندىن قەرز بېرىشنى ئويلىشىش كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ساختا ئىلتىجا، ساختا ھاياجانغا ئالدىنىپ قالىمىز، قىسقىسى، ھېسسىياتقا بېرىلىپ قەرز بېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

## 5. مەبلەغ سېلىپ بېرىش شەكلىدە قەرز بېرىشكە بولمايدۇ

كىشىلەر ئارىسىدا شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، ئۇلار قەرزدارغا قەرز بەرگەندە، مەلۇم تۇرگە مەبلەغ سېلىپ بېرىش يولى بىلەنمۇ قەرز بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر خىل قەرز بېرىش شەكلى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى ئەسلىدىكى قەرزدارلىقتەك كۈچلۈك بولمايدۇ. بۇ يەردە ئاشۇ خىل ھەقدارلار ھەم ئۆزىنىڭ پۇلىنىڭ خېيىم - خەتەرگە ئۇچرىماسلىقىنى، ھەم قەرزدارنىڭ نەپ ئېلىشىنى مەقسەت قىلىپ، مەبلەغ سېلىش شەكلىدە قەرز بېرىپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىشنىڭ ئۇنداق بولۇپ كېتىشى ناتايىن. چۇنكى شۇ مەبلەغ سېلىپ بەرگەن ئىشتىن نەتىجە چىقىپ پايدا كۆرۈلسە، ئېنىقكى قەرزدار بىرىنچى بولۇپ ئىگە بولىدۇ، مۇبادا زىيان چىقسا ياكى قەرز پۇل خېيىم - خەتەرگە ئۇچرىسا، ئۇ چاغدا بۇ ئىشقا سېلىپ بەرگەن قەرزگە ئىگە بولغىلى ئۇنىمايدۇ.

## 6. شېرىك مەبلەغ سېلىش شەكلىدە قەرز بېرىشكە بولمايدۇ

بەزىلەر مەلۇم تۇر، مەلۇم ئىشنى بىللە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەقسىتى بىلەن قەرزدارغا ۋاكالىتەن قەرز بېرىش شەكلىدىكى قەرزنى بېرىدۇ. ھەمدە ئۇنى شۇ ئىش ، شۇ تۇرگە مەبلەغ قىلىپ سالىدۇ. بۇنىڭمۇ نەتىجىسى ياخشى چىقسا،

شېرىك بولغۇچى ئالدىغا چىقىپ، تەڭ مەنپەئەتلىنىدۇ. ئەكسىنچە بولغاندا، بەشىنچى تارماقتا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك، ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

### 7. قەرزدارغا قايتا كېپىل بولۇشقا بولمايدۇ

بۇمۇ خۇددى تەكرار قەرز بېرىشتىن ساقلىنىشقا ئوخشاش مۇھىم ئىش. قەرزدارغا بىر قېتىم كېپىل بولۇپ بېرىشكە بولىدۇ. ئىككىنچى قېتىم تاسادىپىي ھالدا قايتا قەرز پۇل بېجىرسە، كېپىل بولۇشقا، قەرز پۇل ئېلىشىغا ياردەم بېرىشكە بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق بىنورماللىق يۈز بەرسە، كېپىل بولغۇچى پاتقاققا پېتىش بىلەن بىرگە، بېسىمى، يۈكى ئېغىرلاپ، قەرزدارنى نازارەت قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ، ئەجرى بىكارغا كېتىدۇ.

بەزىلەر قەرز بەرمىسەك، قەرز بەرسەكمۇ چەك قويساق، قەرز قايتۇرغۇچىلار قەرزنى قانداق قايتۇرىدۇ، ئۇلار مەندىكى قەرزگە باشقىلاردىن قەرز ئېلىپ قايتۇرسىمۇ بولىدىغۇ دەپ قارىشى مۇمكىن. بۇ بىر تەرەپلىمە قاراش، چۈنكى قەرز قايتۇرۇش قەرزدارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى، مەجبۇرىيىتى بولۇپ، باشقىلارنى ۋاستە قىلىپ، باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى دەسمايە قىلىپ قايتۇرىدىغان ئاددىي ئىش ئەمەس. شۇڭا ئۇنى قەرز بېرىشتىن بۇرۇن، قەرز بېرىش جەريانىدا، قەرزنى ئىشلىتىش، قايتۇرۇش ھەرىكەتلىرى داۋامىدا بىردەك بولغان كۈچلۈك تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئالدىنى ئېلىش، چەكلەشنى قاتتىق ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرغاندىلا كىشىلەر ئۇنى ئومۇمىي كەيپىيات قىلىپ شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قەرز ئالغۇچىلارنىڭ پاسسىپ روھىي ھالىتى چەكلىنىپ، قىزىل كۆزلۈكى ئىشقا ئاشماي، قەرزنى مەسئۇل بولۇش تۇيغۇسى بىلەن قايتۇرىدىغان بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئېنىقكى، پاسسىپ روھىي ھالىتى، غالىبلىقنى ساقلاپ، ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ زىيانغا سالىدۇ، پاراكەندە قىلىدۇ.

# قەرز پۇل بېرىشتىن قۇتۇلۇش ـ يۈز كېلىشتۇر

بەزىدە ئادەم قەرز بېرىشتە ئىككىلىنىپ قالىدۇ، بەزىدە ھەقىقەتەن قەرز بەرگۈسى كەلمەيدۇ، بەزىدە قەرز بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا قانداق قىلىش كېرەكلىكى ئادەمنى ئويغا سېلىپ، تەڭقىسلىق، ئوڭايسىزلىققا قويىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا قەرز پۇلنى بەرمەي قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى زادى قايسى؟ مېنىڭچە، بولغاندا، مۇنداق بىرقانچە ئىشنى قىلىش كېرەك:

## 1. يۈز كېلىپ راست گەپنى قىلىش كېرەك

كىمدۇر بىر كىمگە قەرز بېرىشتە ئىككىلىنىپ قالغاندا، چوقۇم راست گەپنى قىلىپ، قەرز پۇل بەرمەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت راست گەپنى يۈز قارىماي دېيىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، قەرز بېرىشتىكى بارلىق قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ. قارشى تەرەپمۇ سىز بىلەن بولغان قەرز ھەققىدىكى ئىشلارغا ماڭماي، باشقا ياققا مېڭىپ قەرز ئېلىشنىڭ يولىنى تاپىدۇ. بۇ گەرچە دەمال ئېغىر تۇيۇلىدىغان، قارشى تەرەپنى رەنجىتىپ قويىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئارىلىقتىكى دىلىغۇللۇق ۋە ۋاقىت ئاۋارىچىلىكى، ھېسسىيات بىچارىچىلىكى بىراقلا تۈگەيدۇ.

## 2. سەۋەب كۆرسىتىپ رەت قىلىش كېرەك

يۈز قاراپ رەت قىلىشنىڭ ئورنى بولمىغاندا، قەرز

ئالغۇچىنىڭ قەرز ئېلىش ۋە ئىشلىتىش، قايتۇرۇش - قايتۇرالماسلىقىدىكى ئامىللارنى تەپسىلىي ئىگىلەپ ۋە تەكشۈرۈپ، قەرز پۇلنى بەرمەسلىكىدىكى كونكرېت سەۋەبنى كۆرسىتىش كېرەك.

### 3. ئەتەي كەينىگە سۈرەش كېرەك

گاھىدا بەزىلەر ھەقىقەتەن قەرز بېرىشنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالىدۇ، راست گەپنى قىلسا تېخىمۇ بولمايدۇ، بەرمەي دېسە يېتەرلىك ئاساس تاپالمايدۇ. بۇنداق چاغدا قەرزنى بەرمەسلىكنىڭ قازىنىنى ئېسىپ، بۈگۈن بېرىمەن، ئەتە بېرىمەن دېيىش، شۇ ئارقىلىق قەرز پۇلنى بېرىشكە رايى يوقلۇقىنى ئىپادىلەش كېرەك. مەسىلەن: پالانىدا پۇلۇم، پۇستانىدا مېلىم بار ئىدى. ئۇنى پالانى چاغدا بېرىدىغان بولدى دېيىش، پالانى كۈنى يەنە ئۇنى سۈيلەپ كەلسە، ھېلىقى پالانى - پوكۇنى پۇلنى ئەكېلىپ بەرمىدى دېيىش، زېرىكمەسلىك، تېرىكمەسلىك كېرەك. بۇ ئارقىلىق قەرزدارنىڭ رايىنى ياندۇرۇپ ئۆزلۈكىدىن چېكىندۇرۇپ، قەرز پۇلنى باشقا جايدىن ئېلىشقا قىستاش كېرەك.

### 4. راست گەپ قىلىش كېرەك

قەرزدارغا قەرز بېرىشقا لايىق ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقى، قەرز تارقىتىش ئېھتىياجىنىڭمۇ يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ، ھازىرچە قەرز بەرمەيدىغانلىقىنى ئېنىق، كەسكىن، سىلىق ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك.

### 5. ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاشنى تەكىتلەش كېرەك

قەرز پۇلنىڭ بىر يامان تەرىپى، ئۇ خېيىم - خەتەرگە

يولۇققاندا، ھەر ئىككى تەرەپنى يامان ئەھۋالغا سېلىپ قويىدۇ. بۇ ھال مەلۇم سۈركىلىش، زىددىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنداق زىددىيەت دوست - بۇرادەرلەر ئارىسىدىكى ئىززەت - ھۆرمەتنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. قەرز بېرىشنى رەت قىلغاندا، مۇشۇ جەھەتتىكى نورمالسىزلىقنى نۇقتىلىق تەكىتلەپ، قەرز ئالغۇچىنىڭ تەلىپىنى چىرايلىق رەت قىلىش كېرەك.

بۇ بىر قاتار قاراشلارنىڭ ھەقىقەتەن ئۈنۈمى بولىدۇ. مەيلى سىز كىم بولۇڭ، كىمگىدۇر قەرز بېرىشنى ياقتۇرماڭ، بۇنىڭدىن بىرسى ياكى بىر قانچىسىنى قوللانسىڭىز بولىدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق سۇلھى - سالا قىلىشنىڭمۇ ئورنى يوق. قەرز پۇل بېرىشنى خالىمىغان ئىكەنسىز كەسكىن ھالدا نەق مەيداندا، دەل ۋاقتىدا يۈز كېلىپ، قەرز بەرمەسلىكنى ئېيتىپ، رەت قىلسىڭىزلا بولىدۇ. پەقەت بولمىغاندا، شۇنداقلا يۈز كېلەلمەسلىك، يېرالماسلىق، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى نازۇك مەسىلە ۋە ئېھتىياجغا تاقىلىدىغان ۋاقىتلاردا مۇشۇ بىرقانچە خىل ئۇسۇلنى تەتبىقلاپ سىناپ باقسىڭىز بولىدۇ. چۈنكى بەزى قەرز پۇل، بولۇپمۇ بېرىشنى مۇناسىپ كۆرمىگەن ھەرقانداق قەرز پۇل ئادەملەرگە ئاۋارىچىلىك، زىددىيەت ئېلىپ كېلىدۇ.

# قەرز بېرىشتە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

قەرز بېرىشكە مۇناسىپ كەلمىگەن ئادەمنى قەرز بېرىش نۇقتىسى قىلىپ تاللاشقا بولمايدۇ ھەمدە شۇ خىل كىشىلەرگە بىر ئامال قىلىپ قەرز بەرمەسلىك ناھايىتى زۆرۈر. ئەمما، قەرز بېرىشكە تېگىشلىك كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ۋە قەرز بەرمەكچى بولغان ئادەمنى كۆزىتىپ بېكىتىشتە يەنىلا ئەستايىدىل بولۇپ، كونكرېت ئۇسۇل ئارقىلىق ئىسپاتلاش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق بىرقانچە نۇقتىنى نەزەرگە ئېلىش، تەكشۈرۈش كېرەك:

## 1. قەرز بېرىش تۈرىنى ئېنىقلاش كېرەك

بۇنداق ئېنىقلاش مۇنتىزىم قەرز بېرىش ئاپپاراتلىرىدا ئالدىنقى شەرت قىلىنىدۇ ۋە ئۇنى تۇرغۇزۇش، ئېنىقلاش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ئادەتتىكى ئەل ئىچى قەرزدارلىقىدىمۇ قەرز بەرگۈچى مۇشۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىش كېرەك. ئەگەر قەرز بەرگۈچى قەرزنى قايسى تۈرگە سەرپ قىلىدىغانلىقىنى ئۇقمىسا ياكى ناچار تۈرگە سەرپ قىلىشنى پىلانلىسا، ئۇ چاغدا قەرزنىڭ زىيانغا ئۇچراش دەرىجىسى چوڭ بولىدۇ. قەرزنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ئېنىق بولسا، قەرز بەرگۈچى شۇ تۈرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، مۇۋاپىق دېسە، ئۇ ھالدا قەرز بېرىشنى ئويلاشسا بولىدۇ. ناچار تۈر بولسا، قەرز بېرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرسا بولىدۇ. مۇبادا قەرز ئالغۇچى شۇ تۈرنى، شۇ ئىشنى دەپ بېرەلمىسە، قەرزنى ئىشلىتىش ئورنىنى دەلىللەپ بېرەلمىسە، ئۇ چاغدا ھەقدار

بىلىشنى تەلەپ قىلىشى، تەلەپنى ئورۇندىمىسا، قەرزدارنىڭ قەرز تەلىپىنى رەت قىلىشى كېرەك. تۇر ياخشى، ساغلام بولسا، قەرزنىڭ زىيانغا ئۇچراش نىسبىتى تۆۋەن، پايدىسى كۆپ، يەنى ئۇنۇمى يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، ئاشۇ قەرز پۇلنى غەيرىي ئىگىلىككە سەرپ قىلسا، ئالايلۇق، زەھەر سېتىش، سىياسىي، قانۇنغا خىلاپ باشقا تۈردىكى ھەر قانداق بىر ئىشقا سەرپ قىلسا، ئۇ ھالدا قەرزدارلا ئەمەس، قەرز بەرگۈچىمۇ قوش زىيانغا ئۇچرايدۇ ۋە مۇناسىپ جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. قەرزنى بەرگەندە، ئۇنىڭ قايسى تۈرگە سەرپ قىلىنىشىنى ياخشى ئىگىلەش، چۈشىنىش كېرەك.

## 2. قەرز ئالغۇچىنى ئېنىقلاش كېرەك

قەرز ئالغۇچىنىڭ قەرز مۇناسىۋىتى، جەمئىيەتتىكى ئورنى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، ئۇنىڭ ئۆزى بەرمەكچى بولغان قەرزگە تۇتقان مۇئامىلىسى ۋە قەرز پۇلنى جايىدا ئىشلىتەلەيدىغان ئىقتىدارىنىڭ بار - يوقلۇقىنى، كەمچىلىك، سەۋەنلىكىنى ئېنىقلاش كېرەك.

## 3. قەرز قايتۇرۇش، قەرزنى ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى تەكشۈرۇش كېرەك

بۇ ناھايىتى مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرسى، چۈنكى قەرز پۇل ئالغۇچىنىڭ قەرز قايتۇرۇش ۋە قەرزدىن پايدىلىنىپ يەنە قوشۇمچە قىممەت يارىتىش ئىقتىدارى بولمىسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ قەرز پۇلى خېيىم - خەتەرگە ئۇچرىشى مۇمكىن. بۇنداق چاغدا قەرزدارنىڭ قەرز قايتۇرغۇدەك ئىمكانىيىتى، شەرت - شارائىتى ۋە قايتۇرغۇدەك باشقا مال - مۈلكى، قىممەتكە ئىگە زاپاس ماددىي كاپالىتى بولۇشى كېرەك.

## 4. قەرز بېرىشنى بېكىتىش كېرەك

بىر قاتار تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇش ۋە قايىل بولۇش ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن، شۇ قەرزنى بېرىش - بەرمەسلىكنى بېكىتىش كېرەك. چۈنكى كىم بولسۇن، قەرز بېرىشتىن ئاۋۋال قەرزدارنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا نەزەر سېلىپ بولالمايدۇ ياكى باشقا بىر ئېھتىماللىق ھەقدارنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولۇپ قالغان بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كىمنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلىش - چۈشىنىش يېتەرلىك بولمايدۇ، ھەقدار پەقەت قەرز بېرىشكە كىرىشكەندىن كېيىن، ئاندىن شۇ كىشىگە نەزەر سېلىشقا باشلايدۇ، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا دەمال ئىشىنىپ بىر نەرسە دېيىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەقدارنىڭ بۇ خىل ئەھۋالنى ئېنىقلىشى، بىلىشى تولىمۇ زۆرۈر. بۇ جەريان تولۇق تاماملىنىپ، ئىشەنچ بارلىققا كەلگەندە، ئاندىن قەرز بېرىشنى بېكىتىش كېرەك. بەزىلەر بۇنداق تەكشۈرۈشكە سەل قارايدۇ، بەزىلەر ئىنچىكە قارايدۇ. دەل ئىنچىكە قارايدىغان ئادەملەر بەرگەن قەرز پۇل خېيىم - خەتەرسىز بولىدۇ. بەزىلەر كىچىك قەرز ئېلىم - بېرىمدىمۇ تەكشۈرۈشنىڭ ئورنى يوق دېيىشى مۇمكىن. بۇنداق قاراش بىر خىل مەسئۇلىيەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

## 5. توختام تۈزۈش كېرەك

توختام تۈزۈش، قىلماقچى ۋە بەرمەكچى بولغان قەرز پۇلنىڭ كېيىنكى قەدەم - باسقۇچلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك دېسەك، تازا مۇۋاپىق بولىدۇ. شۇڭا چوڭ - كىچىك دېمەي، قەرز پۇل ئېلىم - بېرىمدىن بالدۇرلا قەرز بېرىش توختامى تۈزۈپ، توختام بويىچە ئىش قىلىش كېرەك. توختامدا قەرز سوممىسى، بېرىش ۋاقتى، ئىشلىتىلىش ئورنى، قايتۇرۇش ۋاقتى، قايتۇرۇش ئۇسۇل - تەرتىپلىرى، جازا ۋە باشقا ئىشلار تولۇق يېزىلىشى كېرەك.

## 6. كېپىل تۇرغۇزۇش، كاپالەت بۇيۇمى ئېلىش كېرەك

قەرز بەرگەندە، قەرزگە چوقۇم كېپىل تۇرغۇزۇشى، كاپالەت ماددىي بۇيۇمى ئېلىشى كېرەك. بۇنى قەرز پۇل زىيانغا ئۇچرىغاندا تولۇقلاش، تۆلەشنىڭ كاپالىتى قىلىشقا بولىدۇ. ماددىي بۇيۇم ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمىسا، چوقۇم كېپىل تۇرغۇزۇش كېرەك. ئۇنداق قىلىشقىمۇ بولمىغان ئەھۋالدا قەرز بېرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك.

# قەرزنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ ئۆزگىچە قەدەم - باسقۇچلىرى

قەرزنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ ئۇسۇللىرى ئىزدەنسە بەك كۆپ. بىراق ئۇنى قەرزداردىن ئېلىش ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلىپ كەلدى: بۇنىڭ بىرسى، زورلۇق كۈچ بىلەن يەنى بېسىم بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈش؛ يەنە بىرسى، رىغبەتلەندۈرۈش، ئىختىيار قىلىش بەدىلىگە ئەسلىگە كەلتۈرۈش. بۇ دائىم يولغا قويۇلىدىغان ۋە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قەرزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككىنچىسى ئىجابىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈنۈم نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. چۈنكى ئومۇمەن قەرزدارلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ۋەدىسىدە تۇرىدۇ، دېگەن قەرەلىدە قەرزنى قايتۇرىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كېيىنكى قېتىملىق قەرز ئېلىش ئۈچۈن يول ئاچىدۇ. ھەقدارمۇ مىننەتدارلىق ۋە رازىمەنلىك كەيپىياتى بىلەن قەرزدارنىڭ كېيىنكى قېتىملىق قەرز ئىشلىرىغا پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپ قوللايدۇ. ئەمما، بەزى قەرزدارلار ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن كېيىن چىققان باشقا زىيان ۋە شۇ زىياننى تولدۇرۇش ئىشلىرىدىكى ئاۋارىچىلىكلەرنى باھانە قىلىپ، قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرمايدۇ. قاتمال كەيپىيات شەكىللەندۈرۈپ، ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرىدۇ. بۇ يەردە تەكىتلىمەي بولمايدۇكى، بەزى قەرزدارلار ھەقىقەتەن قاتمال، بىزەڭ بولۇۋالىدۇ. يەنە بەزىلىرىنىڭ ھەقىقەتەن قايتۇرۇش ئارزۇسى، ئىرادىسى بار بولسىمۇ، راستىنلا ۋاقتىنچە

دىگەن قەرەلىدە قايتۇرۇپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. ئۇنداقلارغا ئىككى خىل مۇئامىلە قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىرسى، قاتتىق پوزىتسىيە تۇتۇلىدۇ؛ يەنە بىرسى، يۇمشاق، چىڭ مۇئامىلە يۈرگۈزۈلۈپ، قەرز ۋاقتىنى ئۇزارتىپ بېرىش، بۆلۈپ قايتۇرۇش تەتبىقلىنىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بىز بۇخىل كىشىلەرگە ھېسداشلىق قىلىش تەدبىرىنى قوللانساق بولامدۇ - يوق، بولسا قانداق قىلىمىز، بولمىسا قانداق قىلىمىز؟ مېنىڭچە، ئەسلىگە كەلمىگەن، قاتماللىشىپ قالغان قەرزلەرگە مۇنداق بىر نەچچە خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشىمىز كېرەك.

## 1. قەرزدارغا يول كۆرسىتىش كېرەك

ھەقدار بەرگەن قەرزنىڭ زىيانغا ئۇچرىغانلىقىنى بىلگەن ۋە ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ قىيىنلىقىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، غەم يەپ ئولتۇرماي، قەرزدار بىلەن ئوبدان مۇڭدىشىپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، قىلىۋاتقان ئىشىدىن قانداق قىلسا پايدا ئالالايدىغانلىقى، قانداق مەبلەغ سالسا ئۇتۇق قازىنالايدىغانلىقىنى بايقاپ، كۆرسىتىپ تەكلىپ بېرىش كېرەك. ئەگەر قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ قانۇنىيىتىنى چۈشەنمەيدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، بىلىدىغان كىشىلەرنى ئىزدەپ، ئەھۋالىنى دەپ، بىرەر قارارغا كېلىش، يول كۆرسىتىش، نىشان تىكلەپ بېرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. چۈنكى زىيان تارتقان ئادەملەرنىڭ كۆپ سانلىقى تولا چاغلاردا گاڭگىراپ قالىدۇ - دە، ئەقىل تاپالماي قالىدۇ. يول تاپالماي مەسلىھەت ۋە ياردەمگە بەكمۇ موھتاج بولىدۇ. ئۇنداق ئادەملەرنىڭ بۇ يېتەرسىزلىكلىرىنى، ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۇلارنى تولىمۇ خۇشال قىلىدۇ. ئۇنى ھەل قىلغاندا، قەرز پۇلنىڭ قاتماللىشىپ قالماي، تېزدىن يىغىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

## 2. قەرزدارنى رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك

بۇ يەردە ئالاھىدە مۇكاپاتلاش ياكى تەقدىرلەش ئارقىلىق قەرزدارنى رىغبەتلەندۈرگىلى بولمايدۇ، قايتا قەرز بېرىپ رىغبەتلەندۈرۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. بۇ يەردىكى رىغبەتلەندۈرۈش «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىتى» دېگەن سوئالغا ياخشى جاۋاب بېرىشكە ئوخشاش بولىدۇ. ئېنىقكى، بىر قىسىم قەرزدارلار قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرالماي قالسىلا، ھەقدارنىڭ ئالدىدا بىچارە بولۇپ، دەرد تۆكىدۇ، قىيىنچىلىقىنى ئېيتىپ، تەخىر قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەتتا بەزىلەر سەمىمىي، قىزغىنلىق بىلەن ئۆز ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ، ھەقدارنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى كۈتىدۇ. بىر قەرزدار ئۈچۈن بۇ ئەپۇ قىلىدىغان ئىش ئەمەس. ئەمما شۇ كىشىگە نىسبەتەن ۋىجدانىي خورلۇق بولىدۇ. مۇشۇنداق چاغدا قەرزدارغا قوپاللىق قىلىشقا، تەھدىت سېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنداق ئادەملەر ھامان شۇ قەرزنى تۆگىتىشنىڭ يولىنى قىلىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدە ھەقداردىن سەۋەنلىك كۆرۈلسە، قەرزدار ئاسانلا قاتماللىشىپ كېتىدۇ ـ دە، قەرزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئېغىر توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى قەرزدار قاتماللىشىپ قالسا، قەرزنى قايتۇرۇشقا قىزىقمايدۇ، تىرىشمايدۇ، ھەتتا قېچىۋېلىپ، سەمىمىيەتسىزلىك قىلىدۇ. بۇ ھەقدارغا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرىدۇ، ھەتتا قەرزنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىۋېتىدۇ. شۇڭا ھەقدار قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ھالىغا يېتىپ، بېسىم پەيدا قىلماي: «ھېچقىسى يوق، بۇ قەرزمۇ تۈگەيدۇ، ئىمكان بار تېزدىن بىر ئامال قىلىپ تۆلەپ قايتۇرۇڭ، بولمىسا ئۆزىڭىزگە زىيان ئېغىر بولۇپ قالىدۇ، دوستلىرىڭىز، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزدىن بىر ئامال قىلىپ تۇرۇڭ!» دېگەندەك تەسەللى بىلەن رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر

چاغدا، ئۇ قانچىلىك بەرسە شۇنچىلىك ئېلىپ تۇرۇش، ئاز ـ كۆپ دېمەي :«يەنە بىر كۇچىسىڭىزلا تۈگەيدىغان بولدى، سىزمۇ ۋەدىسىدە تۇرىدىغان ۋىجدانلىق ئادەم ئىكەنسىز! سىزدىن بەك سۆيۈندۈم، سىزگە قايىل بولدۇم، ھەممە ئادەم سىزدەك بولسا قانچىلىك ياخشى بولغان بولاتتى ـ ھە؟!»دەپ تۇرۇش كېرەك.

### 3. قەرز قايتۇرۇش تەييارلىقى قىلدۇرۇش كېرەك

قەرزدارنىڭ قەرزى بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى ياكى توشقانلىقىنى قەرزدارغا بالدۇر ئۇقتۇرۇش كېرەك. بەزى قەرزلەرگە نىسبەتەن بالدۇر تۇتۇش قىلىپ، بالدۇر يىغىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. چۈنكى بەزىدە ئايرىم ئەھۋال، بولۇپمۇ قەرزدارنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالى قەرز قايتۇرۇش ۋاقتى توشماي تۇرۇپ، قەرزنى قايتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولسا ئۇنى ئالدىن سۆيلەپ، مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە تاپشۇرۇپ بولۇشنى تەۋسىيە قىلىش كېرەك. مۇبادا قەرز ۋاقتى توشقان چاغدا قايتۇرۇش ئىقتىدارى بولسىمۇ بەزى قەرزلەرگە بالدۇر تۇتۇش قىلىپ، بالدۇر يىغىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ھەر ھالدا بالدۇر ئۇقتۇرۇپ، ئېسىگە سېلىش، تەييارلىق تۇيغۇسى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. بەزىدە ئايرىم قەرزلەرنى ھەقدارمۇ، قەرزدارمۇ ئۇنتۇلۇپ قېلىش، بولۇپمۇ قايتۇرۇش قەرەلىنى ئۆتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن، بۇنىڭ سەۋەبىدىن پۇلنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ، ئۇنىڭ سۆرەلمە بولۇپ قېلىشىنى ياكى ۋاقتىدا قايتۇرۇلۇشىغا توسقۇن بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بالدۇر سۆيلەپ قويغاندا بۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

### 4. قەرز قايتۇرۇش مەبلىغى توپلاشنىڭ كۆپ خىل يولىنى كۆرسىتىپ قويۇش كېرەك

قەرزدار قەرزنى قايتۇرۇشتا قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ھەقدار

ئۇنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئۇنىڭدا قانچىلىك ماددىي مۈلۈكنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلاش ھەمدە قانداق ئىمتىيازلىرىنىڭ بارلىقىنى چۈشىنىش كېرەك. بۇنىڭغا ئاساسەن، ماددىي مۈلكىنى سېتىش يوللىرىنى ياكى پۇلغا ئايلاندۇرۇش يوللىرىنى بىلىشچە كۆرسىتىپ قويۇش، خېرىدار تېپىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، مەلۇم ئارتۇقچىلىق، ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ، مەبلەغ توپلاشنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، 10 ئۇرۇق - تۇغقىنىڭىز بولسا، ئۇلاردىن 500 يۈەندىن ئېلىپ تۇرسىڭىز، ئۇ چاغدا 5000 يۈەن بولىدۇ، دېگەندەك.

## 5. كاپالەت مۈلكىنى پۇلغا ئايلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىش كېرەك

قەرز ئالغۇچى مەلۇم نەرسە، ماددىي بۇيۇمنى قەرز پۇل كاپالىتى قىلىدۇ ياكى قەرز پۇل خېيىم - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش سۈپىتىدە دەسمايە قىلىپ قويغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆي - جاي، زىبۇ - زىننەت، شۇنىڭدەك پۇلغا يارايدىغان، قىممىتى تۆۋەنلەپ كەتمەيدىغان بۇيۇملار بولىدۇ. قەرزدار قەرزنى قايتۇرالمىغاندا، ئۆزئارا پۈتۈشۈپ، شۇ نەرسىلەرنى سېتىشنىڭ يولىنى قىلىش كېرەك، ئۇنى قەرز پۇل مۈلكى قىلىش، قانۇنلۇق بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، رازى، قايىل بولغان ئاساستا بېجىرىش كېرەك. قانۇنلۇق قىلمىغاندا، كېيىن مەسىلە كېلىپ چىقسا، ھۆددىسىدىن چىقىش تەس بولىدۇ.

## 6. قەرز مۆھلىتىنى ئۇزارتىش كېرەك

قەرزنى قايتۇرۇشقا پەقەت مۇمكىن بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇنىڭ ۋاقىت - قەرەلىنى ئۇزارتىپ بېرىش، ئۇزارتقاندا، ئۇنىڭ مەجبۇرلاش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، جازاسىنى

مۇناسىپ ئېغىرلىتىش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، قايتا توختام تۈزۈپ، مۇددەت - تۈركۈمگە بۆلۈپ قايتۇرۇش بىلەن جازا، مەجبۇرىيەتنى قەرز قايتۇرۇش دەرىجىسىگە قاراپ مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىپ، قەرز قايتۇرۇشتىكى قىزغىنلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئاساس سېلىش كېرەك.

## 7. قەرزدارنى پەس كۆرمەسلىك كېرەك

قەرزدارنىڭ قەرزنى قايتۇرالماسلىقى ئەيىبلىك ئىش بولسىمۇ، ئۇنى ئەيىبلەشكە ۋە تۆۋەن كۆرۈشكە، چۆكۈرۈشكە بولمايدۇ. قەرز قايتۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگمەسلىك، ئىززەت - ھۆرمەت قىلىش كېرەك. ئەڭ مۇھىمى ھەقداردا ئۆزىنىلا ئەمەس، قەرزدارنىمۇ قۇتقۇزۇش تۇيغۇسى بولۇشى، كەڭ قورساق، كۆيۈمچان، شەخسىيەتسىز بولۇشى كېرەك.

# قەرز سۆيلەشكە ماھىر بولۇش كېرەك

قەرز بېرىلگەن ئىكەن، ئىشلىتىشكە، ئۇنۇم يارىتىشقا، نەتىجە قازىنىشقا، شۇنداقلا ئۇنى قايتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەريانلار قەرزنىڭ ئاساسىي نىشانى ۋە ئاساسىي مەقسىتى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇپ كېتىشى ناتايىن. قەرزنىڭ ئۇنۇمى ئىشقا ئاشمىغاندىن باشقا، خېيىم - خەتىرى شەكىللىنىپ قالسا، ھەر تەرەپلىمە ئاۋارىچىلىكى بولىدۇ. قەرزنى قايتۇرۇش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئومۇمەن تەس بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى قاتمال، سۆرەلمە بولۇپ قالغان قەرزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېخىمۇ قىيىن بولىدۇ. بۇنداق قەرزلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، سۆيلەش داۋامىدا كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللانمىغاندا، نەتىجە قازىنىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق بىرقانچە ئىشنى نۇقتىلىق قىلىش كېرەك:

### 1. ئالدىن پىلانلاش

قاتمال بولۇپ قالغان قەرزنى سۆيلەشتىن ئاۋۋال ئۇنى قانداق ھەل قىلىش، قانداق يۇمشىتىش، قايسى خىل يولنى، ئۇسۇلنى قوللىنىشنى بېكىتىۋېلىپ، ئەمەلىيەت جەرياندا قوللىنىپ، ئۇنۇم بەرگەنلىرىنى داۋاملىق يۈرگۈزۈش، ئەمەلىيەت جەرياندا بايقىغانلىرىنى يەنە قوشۇش، تەتبىقلاش، پىلانلاش، يولغا قويۇش كېرەك.

### 2. ئىنچىل بولۇش

قەرزنى سۆيلىگەن مەزگىلدە بىرمۇ - بىر كەينىگە كىرىش،

قەتئىي بولۇش، زېرىكمەي مېڭىش، قىيىنچىلىق بولسىمۇ چېكىنمەسلىك كېرەك. قەرزدارنى بەرمىسەم، تولۇق قايتۇرمىسام قۇتۇلالمايدىكەنمەن دېگۈدەك دەرىجىدە بىزار قىلىش، زېرىكتۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئەكسىچە ئۆزى زېرىكىپ بىر كۈن بېرىپ قويۇپ ئەتىسى تاشلاپ قويىدىغان، قورقۇتسا سۇسلىشىپ بوشاپ كېتىدىغان، بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغان بوشاڭلىقنى قىلماسلىقى كېرەك.

### 3. تەدبىر بولۇش

ماددىي نەرسىلىرىنى پۇل قىلىشقا زورلاش، يۇرت ئىچىدىكى ئىناۋەت - ئابرۇيىدىن پايدىلىنىش، مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي، قانۇنىي ۋاستىلەرگە تەتبىقلاش كېرەك. بۇنىڭدا چوقۇم يوللۇق بولۇش، قانۇنلۇق بولۇش، جېدەل - ماجىرادىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك.

### 4. ۋەدە ئېلىش

قەرزنى قاچان قايتۇرۇش ھەققىدە ۋەدە ئېلىش، ئىسپات يازغۇزۇش، ئۇنى شۇ قەرەلىدە ئىجرا قىلىش كېرەك.

### 5. كېپىل تۇرغۇزۇش

قايتۇرمىغان قەرزنىڭ ئەينى چاغدىكى كېپىل بولغۇچىسىنى قەرز پۇلنى بىرلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھەيدەش ۋە كېپىل قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە بىرقانچە كىشىنى ياردەمگە چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

### 6. قەرزنى يۆتكەش

مۇناسىپ ئادەم ۋە كاپالەت بەرگۈچىنى تېپىپ، ئەسلىدىكى

قەرزنى ئۆلارغا يۆتكەش ياكى بىر قىسمىنى ئېلىپ، باشقىلارنىڭ قولى بىلەن قايتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر يۈرۈش تولۇق رەسمىيەت، ئىسپات، ھۆججەت، توختام شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

## 7. ئەرز قىلىش

بەزى قەرزلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قىيىن بولسا، ئۇنىڭ قانۇندىكى سۈرۈك ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن، بەزى قەرزلەرنى ئۆزى سۈيلىسە بەرمىگەن بىلەن قانۇن يولى بىلەن سۈيلىسە بېرىدۇ. شۇڭا بىرقانچە خىل ئەھۋالغا ئاساسەن، قەرزنى سوتقا ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرى بويىچە ئەرز قىلىش، ھۆكۈم چىقىرىش، مەجبۇري ئىجرا قىلدۇرۇش كېرەك.

## 8. تەرتىپلىك بولۇش

قەرز سۈيلەشنىڭ تەرتىپى بولىدۇ. ئۇنى سۈيلىگەندە شۇ تەرتىپ بويىچە سۈيلەش كېرەك. قىزىپ كېتىپ ئۇرۇپ قويۇشقا، نەرسىلىرىنى ئالىمەن دەپ ئۆز ئالدىغا ئېلىپ كېتىشكە بولمايدۇ. ئالدى بىلەن نەرسىلىرىنى ئېنىقلاش، ئاندىن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا مەلۇم قىلىش، باھالاش، قانۇنلۇق قىلىپ كىمئارتۇق قىلىش، قانۇني يول بىلەن قەرزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك.

# قەرز يىغىشتا مۇھىم نىشاننى مۇھاسىرىگە ئېلىش كېرەك

ئالدىنقى بىر يىلى مەلۇم ناھىيەگە ساتقان ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرىنىڭ نېسى قالغان پۇلىنى يىغىش ئۈچۈن باردۇق. ئەسلىدە بۇ مەھسۇلاتنى مەلۇم شىركەت توختام تۈزۈپ، تەمىنلەش ـ سېتىش تورىنى يولغا قويۇپ، ئۇ مەھسۇلاتلارنى ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەسئۇل بولۇش، ئاساسىي قاتلاملار سېتىۋېلىش، پۇلىنى كىم سېتىۋالسا شۇ بېرىشكە پۈتۈشكەنىدى. ئەينى چاغدا مەھسۇلات بىرمۇ بىر يەتكۈزۈلۈپ، ئىسپات ـ ئاساسلار تورغۇزۇلغان، ھەتتا ئۇلار تەلەپ قىلغان تالونلار يەتكۈزۈپ بېرىلگەن بولسىمۇ، نېسى قالغان پۇل زادىلا ئەمەلىيلەشمىگەن ئىكەن. بىز ئىشنى نەدىن باشلاشنى دېيىشىۋالدۇق ۋە ناھىيەلىك ھۆكۈمەتتىكى مەسئۇل رەھبەرلەر ئارقىلىق ئاساسىي قاتلامغا بۇيرۇق سوقتۇردۇق. كېيىن بىلدۇقكى، بۇنىڭ ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى بولدى. شۇنداقتىمۇ مۇنداق بىرقانچە ئىشنى نۇقتىلىق قانات يايدۇردۇق:

ئالدى بىلەن بىز مۇھىم نوقتىنى تۇتتۇق. بۇنىڭدىكى ئاساسىي نىشان نېسى قالغان پۇل بىر قەدەر كۆپ بولغان جايلارغا مەركەزلەشتۈرۈلدى. بۇنداق جايلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا رەنە پۇلى، زاكالەت پۇلى، مال تاپشۇرغاندىن كېيىن تاپشۇرىدىغان پۇل قاتارلىقلارنىمۇ بەرمىگەن. يەنە كېلىپ بەزىلىرىنىڭ ئالغان مەھسۇلاتى كۆپ، نېسى قالغان پۇلى زىيادە كۆپ ئىكەن . بۇ ئەينى چاغدىكى سېتىش، قولدىن ئۆتكۈزۈۋېتىش قىزغىنلىقى

تۈپەيلىدىن شەكىللىنىپ قالغان قاتمال، سۆرەلمە ھالەت ئىكەن. بۇنىڭغا قارىتا كەسكىن بولۇش، قاتتىق بولۇش، ئەتراپلىق خىزمەت ئىشلەش، بىر قەدەر كەڭ مۇلازىمەت قىلىش تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالغان. بىز بۇ چاغدا مۇنداق ئىككى ئىشنى نەزەرگە ئالدۇق: بىرسى، ئاشۇ خىل جايلارنىڭ شۇ چاغدىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالى زادى قانچىلىك ؟ يەنە بىرسى، نېسى قالغان پۇلنى بېرىش ئىمكانىيىتى قانچىلىك؟ بۇنىڭ جاۋابى ئۈچۈن تەكشۈرۈش، سۈرۈشتە قىلىش ئېلىپ باردۇق. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئورۇندا ئۈمىد تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى ئورۇنغا بېرىپ، نېسى قالغان مال پۇلىنى سۈيلىدۇق. ئۇلار كېيىن كېلىشىمىزنى، ھازىرنىڭ ئۆزىدە پۇل يوقلۇقىنى، بەكمۇ ئالدىراش ئىكەنلىكىنى باھانە قىلىپ تۇرۇۋالدى. بۇنىڭغا بىز پىسەنت قىلمىدۇق. مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرى، ئۆزىمىزنىڭ قارىشىمىز، توختامدىكى سۈرۈك بىلەن نېسى قالغان پۇلنىڭ ئۇلارغا زىيان سېلىش دەرىجىسى، پۇلنى ۋاقتىدا بەرمىگەندە مەھسۇلاتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇلازىمەت ئىشلىرىنىڭ ھەقلىق بولىدىغانلىقى قاتارلىقلارغا تاقاپ، پۇلنى بېرىش زۆرۈرىيىتى، تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلدۇردۇق. بىر ئورۇندا پۇلنى مۇشۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدە بېرىش ھەققىدە ياخشى گەپ ئالغان بولساقمۇ، بىز ئۇنى ئىزچىل، ھەر كۈنى ئۈزۈلدۈرمەي سۈيلەشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. بىر ئورۇن مەلۇم ئىدارىنىڭ پۇلىنى قەرز ئېلىش يولى بىلەن، يەنە بىر ئورۇن ئۆزىنىڭ كىرىمىدىن پۇل چىقىم قىلىپ، نېسى قالغان مال پۇلىنى تولۇق بەردى. بۇنىڭ ئىچىدىكى تولىمۇ يۇمشاق بولۇۋېلىپ بىزگە ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرغان بىر ئورۇندىكى مەلۇم رەھبەرگە قىزغىن مۇلازىمەت قىلىش، ھېسسىي تەسىرلەندۈرۈش يولى بىلەن ئالاقە كۆۋرۈكى سېلىپ، ئۇنىڭ مايىللىقى ئارقىلىق نېسى مال پۇلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قولغا كەلتۈردۇق. بىز مۇشۇ ئىككى ئورۇندىكى نېسى

پۇلنى ئىشلىتىش جەريانىدا توپلىغان تەجرىبىمىزگە ئاساسەن باشقا جايلاردىكى نىسى پۇللارنىمۇ ئاسانلا قولغا كەلتۈردۇق.

كۆپ يىللىق ئەمەلىي تەجرىبە قەرز پۇلنى يىغىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش، نىسى مال پۇلىنى قايتۇرۇشتا مۇنداق بىرقانچە نۇقتىنى چىڭ تۇتۇشنى تونۇتتى:

## 1. قاتمال نۇقتىلارنى يۇمشىتىش كېرەك

بۇنىڭدا قەرزدار ۋە ۋاستىچىلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇلار بىلەن بولغان دوستلۇقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇناسىۋەتنى ئىزچىل ياخشى ساقلاش كېرەك؛ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ياكى ئۇلار قىلالمايدىغان، ئۆزى قىلالايدىغان ئىشلىرىنى قىلىشقا ياردەملىشىش كېرەك؛ يەنە بىرسى، باردى - كەلدى - دە، ئۇلارغا قىزغىن بولۇپ، چىرايلىق ئالدىغا چىقىشنى ئۇنتۇلۇپ قالماسلىق كېرەك. بەزىلەرگە ئاز - تولا نەپ بېرىش كېرەك.

## 2. ماسلاشتۇرۇش كېرەك

نىسى قالغان پۇل بولسۇن ياكى قەرز ئالغان پۇل بولسۇن، قايتۇرغۇچىغا كېرەكلىك بولغان تالون، مەھسۇلات مۇلازىمىتى، يەنى رېمونت قىلىش، يەتكۈزۈپ بېرىش، ئالماشتۇرۇش مۇلازىمىتىنى ۋاقتىدا قىلىپ رازى قىلىش كېرەك.

## 3. يوچۇقلاردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىش كېرەك

بۇ يەردىكى يوچۇق بىرى، مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ خۇسۇسىيەت ئاجىزلىقىدىن بولىدۇ؛ يەنە بىرى، شارائىتنىڭ پايدىلىق بولغان پۇرسىتىدىن كېلىدۇ. ئادەمگە نىسبەتەن، ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى قاندۇرۇش يولى بىلەن ياكى ياخشى تەكلىپ بىلەن ھەل قىلىپ، ئۇنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش

كېرەك. شەرت ـ شارائىتقا نىسبەتەن، مەلۇم بىر چاغدىكى پۇلنى ئىلىش ئىمكانىيىتىنى قولدىن بەرمەي ئىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

## 4. قەرزدار بىلەن ۋاسىتىچىلار ئارىسىدىكى سۈركىلىشنى پەردازلاش كېرەك

مەمۇرىي تارماقلاردا كۆپ ھاللاردا بىرىنچى قول بۇيرۇش، قول ئاستىدىكىلەر ئىجرا قىلىش يولىغا قويۇلىدۇ. بۇنداق ئىشتا قەرزدار بىلەن ئاشۇ خىل ئىجرا قىلغۇچى ۋاسىتىلەر ئوتتۇرىسىدا، بەزىدە رەھبەر بىلەن ۋاسىتىچى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرمەي قالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سۈخەنچىلىك قىلماستىن، بەلكى ياخشى گەپ قىلىپ، ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يېقىنلاشتۇرۇش، ئۇلارنى مۇناسىپ ئارتۇقچىلىقى بىلەن ماختاش كېرەك.

## 5. مەمۇرىي تارماقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ بۇيرۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك

كۆپ ھاللاردا مەمۇرىي بۇيرۇق ۋە بىۋاسىتە باشقۇرغۇچى ئورۇننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ قەرزدارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا ئايرىم چاغلاردا بۇنداق ئارتۇقچىلىقلاردىن پايدىلانغاندا، قەرز ئالغان پۇلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەسكە چۈشمەيدۇ. بۇنىڭ يولى ئاغزاكى بۇيرۇق چۈشۈرۈش، سۆيلەپ قويۇش، كونكرېت كۆرسەتمە بېرىش بولىدۇ. ھەقدار شۇ كۆرسەتمىنى تۇتۇۋېلىپ، قەرزنى سۆيلەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەجبۇرلاش كېرەك.

## 6. كاپالەت تۇرغۇزۇش كېرەك

قەرزنى يىغىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا قىيىنچىلىق تۇغۇلماي قالمايدۇ. شۇڭا قەرزدار بىلەن ھەقدار ئارىسىدا

ۋاستىچى بولغان كىشىلەردىن ئېنىق ۋەدە ئېلىش، ھۆججەت ـ ئىسپات يازغۇزۇش كېرەك.

**7. قەرزدار، ۋاستىچىلار بىلەن بولغان ھېساباتنى ۋاقتىدا تاماملاش كېرەك**

بۇنىڭدا بىرسى قەرزدارنىڭ مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەتلىرى، ۋاستىچىنىڭ كاپالەت بېرىش ئۆلچەملىرى بولۇشى كېرەك. يەنە بىرسى، ھېساباتنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئېنىق قىلىپ مېڭىش، ئاخىرلاشتۇرغاندا ياخشى خۇلاسىلەپ مېڭىش كېرەك.

# ئېلىم - بېرىمدا ۋەدىلەشكەندە ئەمەلىي ئىش قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك

بىز ئالدىنقى بايانلىرىمىزدا قەرزنى بېرىش ۋە يىغىشتىكى بەزى تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بىز شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ۋەدە ئېلىشنىمۇ تەكىتلىدۇق. ئۇنداقتا شۇ خىل ۋەدىنى ۋە ئۇنىڭ ئىجراسىنى زادى قانداق قىلىش كېرەك؟

قەرزدارلىقنى تۈگىتىش داۋامىدا بەزى ئادەملەردىن« پۇل ئالماق پېتىر ناندىن قىل ئالماقتىن تەس» بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بەرگۈدەك پۇلى يوق بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئىمكانىيىتى، پۇلى بار تۇرۇپمۇ بەرمەيدۇ. ئايرىم پۇلى يوق كىشىلەرنىڭ جۈرئەت ۋە ئەقىدىسى يېتەرلىك بولمايدۇ، ئۇلاردا ۋىجدان بولسىمۇ، مۇناسىپ تەدبىركارلىق يوق، شۇڭا ئۇنداقلار كۆپ ھاللاردا قەرزدارچىلىقتا ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىكىنى خورلايدۇ. ئۆزى قەرزدار، ئەمما پۇلى بار بىر قىسىم كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار ئادەت خاراكتېرلىك قەرز قايتۇرماسلىقتا كۆنۈپ قالغان. شۇنداقلارنىڭ زور كۆپ قىسمى پۇل قەرز ئېلىشقا ئۇستا، تەدبىرلىك كېلىدۇ. قەرزنى قايتۇرماسلىقتىكى ۋاستىلىرىمۇ نۇرغۇن بولىدۇ. ھەتتا قەرز پۇلنى كۆپ تەرەپلىمە ئىشلىتىپ، پايدا يارىتىشقىمۇ ماھىر، پۇلغا زىيادە ئامراق كېلىدۇ؛ ئۇلار ئارىسىدا يەنە شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، ئۇلار پۇلنى شۇنداق چىڭ تۇتۇپ پۇلى بارلارغا ئايلىنالايدۇ، ئۇنداقلاردا نومۇس يوق، پۇل ئالدىدا، كىشىلىك قەدىر - قىممەت، ئەخلاق ئالدىدا ئادىمىيلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئۇنداقلار كۆپ ھاللاردا، بىراۋغا

پۇل بېرىدىغان بولسا ھامان بېرىمەنغۇ دەپ ئالدىرىمايدۇ، غەم قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇنداقلار ھەقدارنى ئۆزىگە يالۋۇرىدىغان بىچارە، پۇلۇمنى قاچان ئالارمەن دەپ بىر كۈن بەخىرامان ئۇخلىمايدىغان ئادەم دەپ قارايدۇ. بۇ بىر قارىسا راستتەك تۇرىدۇ. غەم يەيدىغىنى ھەقدار، غەم قىلىسىمۇ ـ قىلمىسىمۇ بولىدىغىنى يەنىلا قەرزدار بولىدۇ. غەم قىلىش بىر خىل ئادىمىيلىك ۋە ياخشى ئەخلاقى ـ پەزىلەت بولۇپ، ئۇنىڭ نەتىجىسى شۇ ئادەمنى كۆپ تەرەپتىن سالاپەتلىك، ئىشەنچلىك، ھەقىقىي ئادەم خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. غەم قىلماسلىق بولسا، پۈتۈنلەي بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، شۇ ئادەمنى ئاز بولمىغان ئاۋارىچىلىك ۋە ئەخلاقسىزلىققا دۇچار قىلىدۇ. ئىناۋەت ئوبرازى، يەنە ئاشۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە ئىشتىكى ئىناۋىتى يوقىلىدۇ. دېمەك، قەرزى تۇرۇپ غەم قىلىش بىلەن بىغەم بولۇۋېلىشنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. مۇبادا قەرزى تۇرۇپ بېرىشنى كىچىكتۈرۈش، غەم قىلماسلىقنىڭ قەرزنى بەرمەسلىك بىلەن ھېچقانداق پەرقى بولمايدۇ. بۇ بىر خىل روھىي ، ماددىي ئەبگارلىق بولۇپ، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتىدىكى ناچارلىقنىڭ ئىپادىسى، خالاس.

دەل مۇشۇنداق ئىشنى راۋا كۆرمىگەن كىشىلەر بولسا، قەرزنى قايتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئۆزىدە قانچىلىك بولسا، شۇنى ئۇدۇللۇق بېرىپ، يوقنى بار قىلىشنىڭ غېمىنى يەيدۇ. ئۇنداقتا پۇل بىلەن ئادىمىيلىك، روھ بىلەن ھەرىكەت بىر قەدەر مەركەزلىك ھالدا باغلىنىپ، ئورتاق تونۇش بىرلىكى ھاسىل بولغان بولىدۇ. ئۇلارنى ھەقىقىي مەنىۋى ۋە ماددىي باي دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل روشەنلىك ھېلىقى كىشىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ، ئۇلارنى ئىناۋەت، شان ـ شەرەپ ۋە ھۆرمەتكە ھامىي قىلىدۇ.

قەرزدارلىقنىڭ تاماملىنىشىدا ئادەملەرنىڭ ئاشۇ خىل

خاراكتېرى قەرزنى بىر تەرەپ قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. قەرزدارلىق مۇناسىۋىتىدە ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قاراشنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ. بۇ توغرا قاراش بولۇپ، پايدىلىنىش قىممىتى بار.

بىر دوستۇم بار ئىدى. ئۇ بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر ئاغىنىسىگە بىر بۆلۈك پۇلنى قەرز بېرىپ تۇردى. ئۇ قەرزدىن قورقمايدىغان، غەم قىلمايدىغان ئادەم بولۇپ، قانچە نۆۋەت سۈيلىگەن بولسىمۇ ئۇنۇمى بولمىدى. دوستۇم ئۇنىڭ ئۈستىدىن كۆپ قېتىم زارلىدى، ھەتتا زارلاۋېرىپ، مېنىمۇ، باشقا دوستلارنىمۇ بىزار قىلىۋەتتى. مەن ئۇنىڭغا يۇقىرىقىدەك چۈشەنچىلەرنى بەردىم. ئۇ، مېنىڭ خاپا بولغانلىقىمنى سەزدى بولغاي، قانداق قىلسا توغرا قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى سورىدى. مەن مۇنداق بىرقانچە ئىشنى سۆزلەپ بەردىم.

— مېنىڭ ھېلىقى تامچى تونۇشۇمنى بىلىسەنغۇ؟ — دېدىم ئۇنىڭغا، — ئۇ خېلى تۈزۈك ئادەم، ئۇنىڭ چوڭ قورۇلۇشلارنى قولغا كىرگۈزۈپ بىر تەرەپ قىلىش قولىدىن كەلمىسىمۇ، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى قىلىشقا بەك ماھىر، پەمى بار. قايسى بىر بايۋەچچىنىڭ ئۆيىدە تام سۇۋاپتۇ، لېكىن، باي كىشى ھەم بېخىل، ھەم چىڭ ئادەم بولغاچقا، قىلغان ئىشىدىن قۇسۇر تېپىپ، ئىشنىڭ پۇتۇشكەن ھەققىنى ۋاقتىدا بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. كېيىن بىرقانچە قېتىم بەرگەن بولسىمۇ، ھەم ئاز، ھەم تاپا - تەنە قىلىپ بېرىپ، بەرگەن پۇلنىڭ چىغىرىنى چىقارماپتۇ، ئاردىن بىرقانچە ئاي ئۆتكەندە، ئاچچىقى كەلگەن تامچى دوستۇم ھېلىقى باي كىشىنى ئىزدەپ بېرىپ، تازا زوكۇنلىشىپ زىتىغا تېگىپتۇ. بۇ ئىش ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تىنچ، نىسپىي مۇناسىۋەتنى بۇزۇپ يېرىكلىك پەيدا بوپتۇ. ئۇ قىلغان قورۇلۇشنىڭ ۋاقتى خېلى بۇرۇن بولغانلىقتىن، قىلغان قورۇلۇشنىڭ بىر قىسىم يەرلىرى بۇزۇلغان. ئەسلىدىكى سۇپەتكە

نۇقسان يەتكەن، بۇ ھېلىقى كىشىگە ئوبدانلا دەستەك بولۇپ بەرگەن. ئۇ مەندىكى پۇلنى ئالىمەن دېسىڭىز ئالدى بىلەن قۇرۇلۇشنىڭ بۇزۇلغان قىسمىنى ئوڭلاپ بېرىسىز، دېگەن شەرتنى قويۇپتۇ. دەسلەپتە خېلى يول قويغان ئۇ ئادەم شۇنىڭدىن كېيىن، قولغا مېتىرنى ئېلىپ، بۇ يەر، ئۇ يېرىگە مېتىر قويۇپ، ئاۋۇ ئۇنداقكەن، بۇ يەر مۇنداق ئىكەن دەپ، ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى قىسىشقا باشلاپتۇ. ئەلۋەتتە، تامچى، سۇۋاقچىلاردىن ھامان قۇسۇر تاپقىلى بولىدۇ. ھېلىقى كىشى تامچىنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. ئاخىردا ھېلىقى كىشى تامچى دوستىمىز بىلەن ئالمىغان - بەرمىگەن بولۇپ تۈگەشمەكچى بولۇپتۇ. ئاخىرى قانداق بولدى دەڭ، ئۇ نۇرغۇن ئۇرۇنۇپ باقتى، ھەتتا يالۋۇردى، ئاقمىدى. قاملاشمىغان يېرى شۇكى، تىل - ئاھانەت ئاڭلاپمۇ قالدى. ئاخىرى بولدى قىلىپ تاشلىۋەتتى. ئۇ نېمە دەيدۇ دەڭ: خەقتە پۇلۇڭ بولسا بېرىشكە ۋەدە قىلسا، بېرىمەن دېسە، ياق دېمە، ۋەدە قىلغاندا كەل، ئىزدەپ بار، ئەمما ئالدىدىڭ دەپ خاپا بولما، كۆپ ئاۋارە قىلدىڭ دەپ زارلانما، غۇرۇرۇمغا تەگدى دەپ ئاچچىقلانما، خىجالەت تارتىپ قالدىم، بويۇن قىستىم دەپ زوكۇنلاشما، پۇل ئالىدىغان ئادەمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ، سىلىق بول، تەسىرلەندۈر، سېنىڭ ياخشى پەزىلىتىڭدىن ئىلھام ئالسۇن، تەسىرلىنىپ خىجىل بولسۇن، شۇ چاغدا سەن پۇلغا ئېرىشەلەيسەن! مانا بۇ راست گەپ، ھەقىقي ئەمەلىيەت! ئەگەر سەن پۇل ئالماي بەدەلگە بەدەل ئالىمەن دەيدىكەنسەن، چوقۇم زىيان تارتىسەن ياكى سەن پۇل ئورنىغا ھەممىنى دو تىكىپ، پۇل ئېلىشتىن ۋاز كەچ، ئەگەر پۇلۇمنى ئالىمەن دەيدىكەنسەن، چوقۇم ئالدىنقى ئىشلارنى سەۋرچانلىق ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىجرا قىل، بۇ باشقىلاردىكى پۇل ۋە نەرسىنى ئېلىش، قايتۇرۇۋېلىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل!

كونىلاردا «نېسى پۇل – يوق پۇل» دەيدىغان تەمسىل بار. بۇنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى ئۇنىڭ نەتىجىسىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەت ۋە نەزەرىيەدە بار پۇل ئىجرا قىلىنىش جەريانىدا يوق بولىدىغان ئىشلار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. نېسى پۇلنى ھەقىقىي بارغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، قايتا - قايتا بېرىش، سۆيلەش، ۋەدە ئېلىش بىلەن بىرگە، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ باشقا ۋاسىتىلىرىنىمۇ ماھىرلىق بىلەن قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. پۇلنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى ۋاسىتىلەر بەك كۆپ، ئەمما ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى بىز ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولغان پۇلغا تەتبىقلىساق ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇنىڭدىكى ئەڭ كەڭ قوللانسا بولىدىغان ئۇسۇللاردىن قەرز پۇلنى ئېلىپ بېرىشنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلىش، ھەيدەكچىلىك قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش قاتارلىقلار مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ بىر قاتار ئىشلارمۇ ئاسان ئەمەس. ئۇنىڭغا مۇۋاپىق، تەدبىرلىك، سەمىمىي ئادەم تېپىش ، نەتىجە قازىنىشنى قولغا كەلتۈرۈش ناھايىتى زۆرۈر. مۇبادا ئۇ تەتۈر نەتىجە بېرىپ قالسا، بىرسى، شۇ قەرزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قىيىنلىشىپ كېتىشى، ھەتتا مەڭگۈ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولماي قېلىشى مۇمكىن. يەنە بىرسى، شۇ ئەسلىدىكى قەرزداردىن ئوخشۇشلۇق ھەل بولۇپ، ئىككىنچى بىر قەرزدارنىڭ مۈلكىگە ئايلىنىپ قېلىشى، يەنى ھاۋالە قىلغۇچى ئىگىلىۋېلىپ، ھەقدارنى قايتا ئاۋارىچىلىككە تىقىشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ ئىشتا ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك. ھە بولىدۇ دەپلا قارىسىغا قوللىنىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

زادى قانداق قەرزلەرنى باشقىلارغا ھاۋالە قىلىش كېرەك؟ بۇنى شۇ ئادەمنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا قاراپ قوللىنىشقا بولىدۇ. چۈنكى بەزى قەرزلەرنى ئۆزى بىۋاستە ئالالمىسىمۇ، قەرزدارغا باشقىلار تەسىر كۆرسەتسە، دەمال ئىجابىي نەتىجىسى كۆرۈلىدىغان

ئىش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: قەرزدار يۈزى تۆۋەن، دىيانەتلىك ئادەم بولسىمۇ، پۇل ئېلىم - بېرىمدا چىڭ، مەلۇم كىچىك ئىشنى باھانە قىلىپ تۇرۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئادەمنىڭ مەلۇم ئادەملەردىن تەپ تارتىدىغان تەرىپى بولىدۇ. بۇ شۇ ئادەمدىن قەرزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم بوشلۇق بولۇپ، بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ مۇناسىۋەتلىك كىشىنى ۋاستىچى قىلغاندا، قەرزدار بەرمىگەن پۇلنى بېرىدۇ. چۈنكى قەرزدار نومۇس كۈچى ياكى داغبازلىق سەۋەبىدىن ئىناۋىتىنى ساقلاشنى ئويلايدۇ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۈزىنى ساقلاشنى خالايدۇ. شۇنداقلا باشقىلارنىڭ يۈز - خاتىرىسى بەدىلىگە قەرزنى بېرىدۇ؛ يەنى بىرى، قەرزدار جىددىي ئېھتىياجلىق بىر ئىشنى ياكى كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى جىددىي راۋا قىلىش زۆرۈر بولغان ئىشنى قىلدۇرۇش، راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، قەرزنى دەرھال بېرىشنىڭ يولىنى قىلىدۇ ۋە شۇ ئىش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتى ھازىرلايدۇ. قەرزدار ھەقىقەتەن پىخسىق، دامكەش، مەنمەنچى ئادەم بولسىمۇ مۇشۇ بىر خىل ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى بىرقەدەر ياخشى بولىدۇ. مۇبادا قەرزدار چىدىماس، بىزەڭ، زىيادە پىخسىق بولسا، بۇنىڭ ھېچ بىرى كار قىلمايدۇ. بۇنداق ئادەملەرگە بېسىم ئىشلىتىش بىلەن پەم ئىشلىتىشلا ئۈنۈم بېرىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ بىر يېتەرسىزلىكى نەپسى يامان بولىدۇ، زىيانغا ئۇچراشتىن بەك ئەنسىرەيدۇ. شۇڭا ئۇنداقلارغا دەل مۇشۇنداق بىر خىل ۋاستىنى تەتبىقلاپ، زىيانغا ئۇچراش ئېھتىماللىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، قۇتۇلدۇرۇش يولى ئارقىلىق ئىلھام بېرىپ قەرزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. بەزى قەرزدارلارنىڭ يەنە بىر يېتەرسىزلىكى، تولىمۇ مەنمەنچى كېلىدۇ.

مەلۇم بازاردا مال - مۈلكىنى كۆز - كۆز قىلىدىغان ئىككى تىجارەتچى بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىدىكەن.

بىر قېتىم بىرى ئازراق قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىپ بەرگىلى ئۇنىماي كەينىگە سۆرەپتۇ. كېيىن قەرز ئىگىسى ئۇلار ئارىسىدىكى كۆز - كۆز قىلىشتەك زىددىيەتنى بىلىپ، پۇلنى تېزلا ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالماقچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم بارسام تەسىرى چوڭ بولمايدىكەن دەپ، بىر تونۇشىنى ۋاستىچى قىلىپ قەرزدارنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپتۇ. قەرزدار دەرھال قەرز ئىگىسىنى چاقىرىپ، پۇلنى تىللىغان پېتى قايتۇرۇپ بەرگەن. چۈنكى ئۇ ھېلىقى رىقابەتچىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كەتكەن. بۇنداق ئىشلار ناھايىتى كۆپ، بۇ يەردىكى گەپ پۇلنى ئېلىشتا قانداق ماھىرلىقنى قوللىنىش، ئەقىلنى قانداق ئىشلىتىشتە.

بۇنىڭدىن بىرقانچە يىللار ئىلگىرى بىر دوستۇم مېنى بەرمەكچى بولغان پۇلنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. پۇل بەرگۈچىمۇ بۇنىڭغا رازى بولدى ۋە مېنى بىرقانچە كۈن تۇرۇپ كېلىشكە كۆندۈردى، ئۇ چاغدا مەن كونكرېت بىر نەرسە دېمىدىم. بىرقانچە كۈنىنىڭ چېكى يوق، مەن ئىككى كۈن ئۆتكۈزۈپ يەنە باردىم. ئۇ يەنە بىرقانچە كۈن تۇرۇپ تۇرۇشۇمنى ئېيتتى. مەن كونكرېت ۋاقىت بەلگىلەپ قويۇشنى ئېيتتىم. ئۇ ماڭا تېلېفون قىلىدىغان بولدى. مەن جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالمىدىم. ئۇ ئۈچ - تۆت كۈنگىچە تېلېفون بەرمەي، مەن يەنە ئىزدەپ باردىم. ھەتتا ئۆيىگە، ئىشخانىسىغا تەكرار - تەكرار باردىم. ۋەدىسىدە تۇرمىغاندىن كېيىن، مەن ئۆزۈمنىڭ ھەر ئىككى تەرەپ ئالدىدا قاتتىق خىجىل بولغانلىقىمنى، ئەمدى ئەستايىدىل ۋەدە بېرىپ ۋاقىت بەلگىلەپ، دېيىشكەن قەرەلدە چوقۇم پۇلنى بېرىشنى تەلەپ قىلدىم ۋە ئىككىلىك خەت يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدىم. شۇ چاغدا ئۇ يېنىۋالسا بولمايدىغان دەرىجىدە ۋەدە قىلىپ تىلخەت يازدى. دەل ۋەدىلەشكەن كۈنى كەلسەم، ئۇ دەرھال پۇلنى تېپىپ قولۇمغا تۇتقۇزدى. بۇنداق چاغدىكى ۋەدە كونكرېت، ئەتراپلىق،جانلىق بولۇشى كېرەك. كونكرېت بولماي،

مۇجمەل بولۇپ قالسا ئاۋارىچىلىك كېلىپ چىقاتتى. ئالايلۇق، بەزىلەر كېلەركى ئاينىڭ باشلىرىدا ياكى كېلەركى ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا بېرىمەن دەيدۇ. بۇ گەرچە ئازغىنە ۋاقىتتەك، پات ئارىدىلا كېلىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قايسى ئاي ئىكەنلىكىنى تۇتۇپ بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، شۇ گەپنى دېگەن ۋاقىت 5 - ئاي بولسا، پۇل ئالغۇچى چوقۇم 6 - ئاينىڭ ئاخىرى ياكى 6 - ئاينىڭ بېشى دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە قەرزدار شۇ چاغقا كەلگەندە، سىزگە كېلەر ئاي ياكى كېلەر يىلنىڭ بېشىدا، ياكى ئاخىرىدا بېرىمەن دېگەنىغۇ، دېيىشى مۇمكىن. مۇشۇ ئاي ئىچىدە بېرىمەن دېگەنىغۇ دېسىچۇ؟ مۇشۇ ئاي دېگەن 1 - چېسلادىن 31 - چېسلاغىچە بولىدۇ. شۇڭا كېلەر ئاينىڭ بېشى بىلەن يىلنىڭ ئاخىرى تۈگىمەيدۇ. خۇددى ماگىزىنلارغا چاپلاپ قويۇلغان «بۈگۈن نېسى مال سېتىلمايدۇ» دېگەن ئۇقۇمنىڭ قىممىتى ئۆلمىگەندەك، مەڭگۈ ۋاقىتنىڭ قىممىتى ئۆلمەي داۋاملىشىدۇ. قەرز ئېلىم - بېرىمدا مۇنداق ۋاقىت چېكىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.

پۇل ئېلىم - بېرىمدا ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ۋەدە ئېلىشنى كونكرېت قىلىش، ۋەدىگە ئەمەل قىلىش تەدبىرلىرىنى جانلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئېلىشتا سەۋرچان، بېرىشتە سەمىمي بولۇش كېرەك.

策　　划：伊布拉音·色满
组　　稿：阿不都许库尔·伊敏
责任编辑：塔依尔·居马洪
责任校对：如克也·西力甫
封面设计：海米旦·塞达力木

致富丛书

**资助创业（上）**（维吾尔文）

阿不来提·居马·土谱热克　编著

新 疆 科 学 技 术 出 版 社 出 版 发 行
（乌鲁木齐市延安路 255 号　邮政编码：830049）
新疆新华书店经销　乌鲁木齐隆益达印务有限公司印刷
880mm×1230mm　32 开本　9.25印张
2012 年 3月第 1 版　2012 年 3月第 1 次印刷

ISBN 978 - 7 - 5466 - 1211 - 9　（民文）定价（上下册）:30.00 元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:

## بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى


- ساغلام تاپاۋەت ، بېرەر ھىدايەت
- پۇل ھەققىدە ئاچچىق - چۈچۈك ھېكايىلەر
- پۇل تېپىشنىڭ ساغلام يولى
- پۇلغا يانداشقان بايانلار
- تېجەپ پۇل تېپىش
- ئۆزىڭىزگە قويمىچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭ
- قەرز پۇلدىن پۇل تېپىش ( 1- ، 2- قىسىم )
- بايلىق داستىخىنى - مۇلازىمەت
- سودا پۇرسىتىنى قەدىرلەڭ
- پۇل تېپىشقا ياندىشقان خىرىس


ISBN 978-7-5466-1211-9

9 787546 612119 >

定价（上下册）：30.00元